انما يخشى الله من عباده العلماء

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.

# ئۆلىمالار

# olimalar



2021-يىللىق 2-سان، ئومۇمىي 4-سان

—— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال ——

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ نەشر ئەپكارى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ YAYINLARI
منشورات وأفكار اتحاد علماء تركستان الشرقية
PUBLISHER OF THE EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION

# ئۆلىمالار
# olimalar

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

2021-يىللىق
2-سان
(ئومۇمىي 4-سان)

## مۇندەرىجە

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى........**مۇھەممەد يۈسۈپ (2)**

ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئىككى ئاتالغۇ...... **ئاتائۇللاھ سەئىد (18)**

ئاشقۇنلۇقنىڭ سەۋەبلىرى ۋە كۆرۈنۈشلىرى.............................
**ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي (42)**................................

نىجاتلىقنىڭ تۆت رېتسېپى .............**ئابدۇلئەھەد ھاپىز (57)**

كېڭەش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى.......... **تاھىرجان ئاbباس (65)**

19-ئەسىردە شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىدا چاقنىغان پارلاق
يۇلتۇز ھۆسەيىنخان تەجەللى..................................................
**مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت (71)**............................................

ئىسلامدىكى جازا قانۇنلىرى ھەققىدىكى سەپسەتىلەرگە رەددىيە
(2) ........................................................ **پاتىھ بۇغرا (98)**

ئىماننىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتتىكى تەسىرى .........................
**ئەختەمجان ھەسەن (110)**.................................................

(مۇقاۋىدا ھۆسەيىنخان تەجەللى)

ژۇرنال مەسئۇلى:
دوكتور
ئاتاۋۇللاھ شاھيار

باش مۇھەررىر:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئىتى:
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇسالام تەكلىماكان
ئابدۇلئەھەت ئۇجات
تاھىرجان ئابباس

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
ئىستىقلال مېديا
www.istiqlalmedia.com

0212 540 31 13
Adres: Kemalpaşa Mahallesi 1. Biga Sokak
No: 27 Daire:5 Küçükçekmece/İstanbul
www.olimalar.org olemalarjournili@gmail.com



# ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرى

مۇھەممەد يۈسۈپ

ئىلىملەرنىڭ بېشى ئاللاھ تائالانى تونۇشتۇر. چۈنكى بارچە ئىلىملەر ئاللاھ تائالانى تونۇشتىن ۋە بىلىشتىن باشلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانى بىلىش ئىلىملەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىكىدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادىتى ئاللاھ تائالانى تونۇش بىلەن بولىدۇ. ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىي مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار رەببىنى تونۇمىغۇچە ئۇلارغا نە سائادەت، نە دۇرۇسلۇق، نە ھۇزۇر-ھالاۋەت بولمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر غايىسى، ئۇنى تونۇش كۆڭۈللىرىنىڭ ئارامى بولۇشى لازىم. ناۋادا ئۇلار بۇنى يوقىتىپ قويسا، ئۇلار باشقا جانلىقلاردىنمۇ يامان ھالغا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ»[1].

## دۇنيادا ھېچقانداق دىن، ھېچقانداق ئەسەر ۋە ھېچقانداق پەلسەپە ياراتقۇچىنى ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالانى تەرىپلىگەندەك مۇكەممەل تەرىپلىگەن ئەمەس

ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان، ئەبەدىي مەۋجۇت بولىدىغان، ھەممىنى ياراتقان ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ، ھەممە جانلىقلارغا رىزىق بېرىپ تۇرۇۋاتقان، چىن يۈرەكتىن سۆيۈلۈشكە، ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان يەككە-يېگانە ئىلاھتۇر.

ئاللاھ تائالا زاتىدا، بارچە ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئەڭ مۇكەممەل زاتتۇر. ئۇ ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەرگە ئىگىدۇر، بارلىق ئەيىب-نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئۇ جىمى مەخلۇقاتتىن ناھايىتى بەك رەھىم-شەپقەتلىكتۇر، بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ بەك يېقىندۇر. بارچە مەخلۇقات ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئەكسىچە ئۇ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەستۇر. ئۇ باللىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇتلەق كۈچ-قۇدرەت، چەكسىز ئىلىم-ھېكمەت، گۈزەل سەنئەت ئىگىسى بولۇپ، كائىناتتىكى گۈزەللىكلەر ئۇنىڭ گۈزەل سەنئىتىنىڭ ۋە چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا كائىناتنى ئىدارە قىلىشتا، بارچە جانلىقلارنى رىزىقلاندۇرۇشتا، ئۆلتۈرۈش،

(1) «مختصر الصواعق المرسلة»-1توم، 47-بەت

تىرىلدۈرۈش، بار قىلىش، يوق قىلىش قاتارلىق بارلىق ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقتۇر.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئۆزىنى ئەڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئەڭ ئېسىل سۈپەتلىرى بىلەن تونۇشتۇرغان. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلغان ئىسىم-سۈپەتلەردۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: [وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَىٰ فَادْعُوهُ بِهَا]«ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، شۇڭا، سىلەر ئاللاھنى شۇ ئىسىملار بىلەن چاقىرىڭلار»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار، كىمكى ئۇلارنى سانىسا جەننەتكە كىرىدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

## ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى 99 بىلەن چەكلىنىپ قالامدۇ؟

ئۆلىمالار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ 99 بىلەن چەكلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان:

(2) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(3) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى




[أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ، سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَداً مِنْ خَلْقِكَ، أَوْ اِسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ، أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيْعَ قَلْبِي وَنُوْرَ صَدْرِي وَجَلاَءِ حُزْنِي وذِهَابَ هَمِّي] «ئى ئاللاھ! ئۆزۈڭ شۇنداق ئاتىغان ياكى كىتابىڭ ئارقىلىق چۈشۈرگەن ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، ئۆز دەرگاھىڭدىكى غەيبلەر قاتارىدا ساقلىغان بارچە ئىسىملىرىڭنى ۋاستە قىلىپ، سەندىن قۇرئاننى كۆڭلۈمنىڭ باھارى، قەلبىمنىڭ نۇرى، قايغۇلىرىمنى يوق قىلغۇچى ۋە ئەندىشىلىرىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىشىڭنى تىلەيمەن»[4]. يەنە قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەت توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاندىن ئاللاھ ماڭا ئىلھام قىلىپ، ئىلگىرى ھېچقانداق بەندىگە بىلدۈرمىگەن مەدھىيەلەرنى ۋە ئەڭ ياخشى ھەمدۇسانانى ئۆگىتىدۇ»[5] دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا بەزى ئىسىملار بىلەن ئۆزىنى

(4) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(5) «سەھىھۇلبۇخارىي» 7410-ھەدىس، «سەھىھ مۇسلىم» 193-ھەدىس

ئاتىغان، بەزى ئىسىملىرىنى «قۇرئان كەرىم»دە نازىل قىلغان بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىسىم-سۈپەتلىرىنى 81 دەپ قارىغان. ئاللاھ تائالا يەنە بەزى ئىسىملىرىنى پەيغەمبەرلىرىگىلا ياكى پەرىشتىلىرىگىلا بىلدۈرگەن، يەنە نۇرغۇن ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بەندىلىرىگە بىلدۈرمەي ئۆز دەرگاھىدا ساقلىغان. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل ۋە تەڭداشسىز ئىلاھتۇر. بارچە گۈزەللىك ۋە ئېسىللىك، جىمى ئۇلۇغلۇق، بارلىق كۈچ-قۇدرەت ۋە چەكسىز ئىلىم-ھېكمەت ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىسىملىرىنى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە بايان قىلغان مەزكۇر 99 ئىسىم-سۈپەتنىڭ مۇئەييەن خۇسۇسىيەتلىرى بار بولۇپ، شۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى شۈكى، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك ئۇلارنى سانىغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ»[6].

## يوقىرىقىلاردىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىدۇ:

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى كۆپتۇر. [قُلْ لَوْ كَانَ الْبَحْرُ مِدَادًا لِكَلِمَاتِ رَبِّي لَنَفِدَ الْبَحْرُ قَبْلَ أَنْ تَنْفَدَ كَلِمَاتُ رَبِّي وَلَوْ جِئْنَا بِمِثْلِهِ مَدَدًا] «ئېيتقىنكى، رەببىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىياھ بولغان، بىز يەنە شۇنچىلىك دېڭىز سۈيىنى سىياھ قىلىپ كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، رەببىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى»[7]، [وَلَوْ أَنَّمَا فِي الْأَرْضِ مِنْ شَجَرَةٍ أَقْلَامٌ وَالْبَحْرُ يَمُدُّهُ مِنْ بَعْدِهِ سَبْعَةُ أَبْحُرٍ مَا نَفِدَتْ كَلِمَاتُ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ] «(ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن) ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز-ئوكيان (سىياھ بولغان)، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز قوشۇلۇپ (سىياھ بولغا) تەقدىردىمۇ (قەلەملەر سۇنۇپ، سىياھلاپ قۇرۇپ تۈگەيدۇ)، ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ھەرگىز تۈگىمەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[8]. بۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئايەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىلىم-ھېكمىتىگە، قۇدرىتىگە ۋە چەكسىز رەھىم-شەپقىتىگە دالالەت قىلىدىغان سۆزلىرىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا ئېيتىلىدىغان مەدھىيەلەرنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى قۇرئان ۋە ھەدىس دەلىللىرى بىلەن بېكىتىلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالانى ئاشۇ ئىسىم-سۈپەتلەر بىلەن ئاتاش ۋە دۇئا قىلغاندا شۇلارنى ۋەسىلە قىلىش لازىم. ھېچكىمنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئۆزى خالىغانچە ئىسىم-سۈپەت بەلگىلەش ۋە ئاللاھ تائالانى ئۆزى خالىغانچە ئاتاش ھەققى يوقتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ «اللَّهُ»، «الرَّحْمَنِ» دېگەن ئىسىملىرى بىلەن باشقىلارنى ئاتاشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىسىملىرى بىلەن ئىسىم قويماقچى بولغانلار ئالدىغا «ئابدۇ» دېگەن سۆزنى

(6) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(7) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(8) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

قوشۇپ، «ئابدۇللاھ»، «ئابدۇرراھمان» دېگەنگە ئوخشاش قويۇشى كېرەك.

## ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىش ئاللاھ تائالانى بىلگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە بىلىشنىڭ يوللىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى «سەنئەت-سەنئەتكارنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى ۋە ماھارىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دەيدىغان ئەقلىي قائىدە بار. بىز بۇ قائىدىنى تەتبىقلاپ كۆرگىنىمىزدە، تۆۋەندىكىلەرنى بىلەلەيمىز:

سەنئەتتىكى ئۇيۇمچانلىق سەنئەتكارنىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى، سەنئەتتىكى گۈزەللىك سەنئەتكارنىڭ گۈزەللىكلەرنى يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى، سەنئەتتىكى ئۆزگىچىلىك سەنئەتكارنىڭ خالىغىنىنى قىلىشقا يېتەرلىك ئىرادە، ئىلىم ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋەھاكازالار...

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە شەيئىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىدارە قىلغۇچىسى بولغان زات-ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى، ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلگۈچى، خالىغاننى ياراتقۇچى، ھەممىنى پەرۋىش قىلغۇچى... ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

مەسىلەن: بىر ئاپتوموبىل توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاپتوموبىلنىڭ قۇرۇلمىسى ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا يېتەرلىك ماتېرىيالغا ۋە ئۇنى مۇناسىپ شەكىلدە قۇراشتۇرۇپ ئاپتوموبىل قىلىدىغان ھۈنەرگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتوموبىلنىڭ ئەينەكلىرى، ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ئاپتوموبىلغا يېتەرلىك ئەينەكلەرگە ۋە ئەينەكلەرنى ئاپتوموبىلنىڭ مودىسىغا مۇناسىپ شەكىلدە كېسەلەيدىغان ھۈنەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتوموبىلدىكى پۈتۈن زاپچاسلار، ئاپتوموبىلنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بۇ زاپچاسلارنى ئۆز ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرالايدىغان ھۈنەر ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتوموبىلنىڭ موتورىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ چىراغلىرىغىچە بولغان ھەر بىر پارچىسى، رەڭگى ۋە مودىسى، ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ ماھىرلىقى، ئۈستىلىقى ۋە باشقا كۆپلىگەن سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز بۇ ئاددىي بىر ئاپتوموبىل توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئۇنى ياسىغان ئىنژېنېرنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بىلىۋالغىنىمىزغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى مەخلۇقاتلىرى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرى

ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىقمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقان شەيئىلىرىدىكى ئىنتايىن مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاجايىپ ئىشلاردىن بىرەرسىنى بايقىغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

قۇياش، ئاي، زېمىن ۋە ئۇلاردىن باشقا سەييارىلەرنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسىدىكى مۇكەممەل قانۇنىيەتنى بىلگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەر شەيئىنى شۇنداق مۇكەممەل يارىتىش ۋە بېكىتىشنى بىلىدىغان، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

كائىناتتىكى ئاللاھ تائالا بېكىتكەن نىزام ۋە سىستېمىلارنىڭ نۇقسانسىز داۋام قىلىۋاتقانلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ھەمىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ۋە بارچە كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھ تائالانىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلغىنى، ھەتتا قۇرغاقچىلىقتىن سۇ تىلەش (ئىستىسقا) نامىزى ئوقۇپ ئاللاھ تائالادىن سۇ تىلىگەنلەرگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىنىدىن، ئۇنىڭ ھەر قانداق دۇئا ۋە مۇناجاتلارنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

تەبىئەتنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ شەيئىلەرنى خالىغانچە ھەرخىل گۈزەل شەكىللەردە يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ھاياتىمىزدا بىرەر ياكى كۆپ قېتىم ئۆلۈمنىڭ تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغىنىمىزدا، ئۇنىڭدىن ئامان قالغىنىمىزنى ئويلىغىنىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ خەۋپ-خەتەرلەردىن ساقلىغۇچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ھېچقانداق كېسەللىك تارتماستىن ياكى بىرەر ۋەقەگە ئۇچرىماستىن ياتقان يېرىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بىراۋنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلتۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرغاقچىلىقتىن ئۆلگەن زېمىننى يامغۇر بىلەن قايتا ياشارتىپ تىرىلدۈرگىنىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت سۈپىتىنى تونۇيالايمىز.

دېمەك، بىز كائىناتتىكى ھەربىر مەخلۇقات ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ تائالانىڭ كۆپلىگەن ئالىي سۈپەتلىرىنى تونۇيالايمىز.

ئاللاھ تائالا تائالا مۇنداق دەيدۇ:)
إِنَّ فِي ٱلسَّمَاوَاتِ وَٱلْأَرْضِ لَآيَاتٍ لِّلْمُؤْمِنِينَ. وَفِي خَلْقِكُمْ وَمَا يَبُثُّ مِن دَآبَّةٍ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ. وَٱخْتِلَافِ ٱللَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مِّن رِّزْقٍ فَأَحْيَا بِهِ ٱلْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَتَصْرِيفِ ٱلرِّيَاحِ آيَاتٌ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ. تِلْكَ آيَاتُ ٱللَّهِ نَتْلُوهَا

عَلَيْكَ بِٱلْحَقِّ فَبِأَيِّ حَدِيثٍ بَعْدَ ٱللَّهِ وَآيَاتِهِ يُؤْمِنُونَ

(يەنى «شەكسىزكى، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆئمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (ئاللاھ زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانلىقلاردا (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھنىڭ ئاسماندىن (ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى بولغان) يامغۇرنى ياغدۇرۇپ، (قۇرغاقچىلىقتىن) ئۆلگەن زېمىننى ئۇنىڭ بىلەن تىرىلدۈرۈشىدە ۋە شاماللارنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىدا، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار. (ئى پەيغەمبەر!) ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدۇر. ئۇنى ساڭا ھەقىقەتنى بىلەن ئوقۇپ بېرىۋاتىمىز. ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەي، قانداق سۆزگە ئىشىنىدىغاندۇ؟»[9].

ئەللامە ئابدۇرراھمان سەئدىي مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئادەمنىڭ ئىمانى ئۇنىڭ ئاللاھنى تونۇشىغا قاراپ بولىدۇ، ئاللاھنى قانچىلىك ئوبدان تونۇسا، ئۇنىڭ ئىمانى زىيادە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاللاھنى تونۇشى قانچىلىك كەم بولسا، ئىمانىمۇ شۇنچىلىك كەم بولىدۇ. ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئەڭ يېقىن يولى ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئوبدان تەپەككۇر قىلىپ ئۆگىنىشتۇر»[10].

دېمەك، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ دەرىجىسى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشىغا قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالانى قانچىلىك ياخشى ۋە مۇكەممەل تونۇغان ئادەمنىڭ ئىمانى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭ ئىخلاسى، مۇھەببىتى ۋە ئىبادەتلىرىمۇ مۇكەممەل بولىدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىشنىڭ پايدىلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مەنىسىنى بىلىش ھەربىر مۆئمىن ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋە پايدىسى كۆپتۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلغاندا، ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىزگە دۇئادا ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھ تائالانى گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن ئاتاشنى ۋە چاقىرىشنى ئۆگەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلىشنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگەتكەن ۋە نۇرغۇنلىغان ئېسىل دۇئالارنى قالدۇرغان. تۆۋەندىكى دۇئالار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

[بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَيَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَالسَّمِيْعُ العَلِيْمُ]

«نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچقانداق نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھ ھەممىنى

(9) جاسىيە سۈرىسى 6-، 3-ئايەتلەر
(10) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئاڭلىغۇچى ۋە تولۇق بىلگۈچىدۇر»[11]، [اَللّٰهُمَّ اِنِّي اَسْأَلُكَ بِأَنَّ لَكَ الْحَمْدُ لَاإِلَهَ اِلاَّ أَنْتَ الْحَنَّانُ الْمَنَّانُ بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ، يَاذَا الْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ، يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ اَسْأَلُكَ] «ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەزل-كەرەمىڭنى تىلەيمەن، بارچە ھەمدۇ-سانا ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، سەن ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچانسەن، كۆپ ئېھسان قىلغۇچىسەن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقان زاتسەن، ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك ئىلاھىم! ئى ھەممىشە تىرىك بولغۇچى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى رەببىم! سەندىن (ھاجەتلىرىمنى) تىلەيمەن»[12]، [يَا حَيُّ يَاقَيُّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ] «ئى مەڭگۈلۈك ھايات تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! رەھمىتىڭگە سىغىنىپ سەندىن ياردەم تىلەيمەن»[13]، [يَاحَيُّ يَا قَيُّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ، أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهِ وَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ] «ئى ھەممىشە مەڭگۈ ھايات تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، مېنى كۆز يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىكمۇ ئۆز ھالىمغا قويۇپ بەرمىگىن»[14].

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىش غەمكىنلىكتە تەسەللى، قىيىنچىلىقتا چىقىش يولى، قورقۇنچتا ئامانلىق، ئاجىزلىقتا كۈچ-قۇۋۋەت، يوقسۇللۇقتا چارە، ئۈمىدسىزلىكتە ئۈمىد مەنبەسىدۇر.

(11) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(12) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(13) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(14) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

پادىشاھتىن پۇقراغىچە، ئالىمدىن ئاۋامغىچە، بايدىن يوقسۇلغىچە ھەممە ئادەم ئاللاھ تائالاغا موھتاج، ھەممىسى ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيدۇ. ھەتتا ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بېشىغا قاتتىق كۈن كەلگەندە ئىختىيارسىز ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرىدۇ. پىرئەۋن مىسىر زېمىنىدا ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئېلان قىلغان ۋە: [أَنَا رَبُّكُمُ الْأَعْلَى] «مەن سىلەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈن رەببىڭلار بولىمەن»[15] دېگەن. ئەمما ئۇ دېڭىزدا غەرق بولۇش ئالدىدا ئاللاھ تائالانى ئېتىراپ قىلىپ: [آمَنْتُ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا الَّذِي آمَنَتْ بِهِ بَنُو إِسْرَائِيلَ وَأَنَا مِنَ الْمُسْلِمِينَ] ب«ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مەنمۇ مۇسۇلمان بولدۇم»[16] دېگەن.

ئاللاھ تائالا ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىش جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ 99 ئىسمى بار، كىمكى ئۇلارنى سانىسا جەننەتكە كىرىدۇ»[17] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھەدىستىكى «سانىسا» دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى نېمە؟

**ھەدىستىكى «سانىسا» دېگەن ئىبارە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل مەنىگە ئىشارەت قىلىدۇ:**

(1) سانىنى سانىسا ۋە تەلەپپۇز قىلىپ ئوقۇسا دېگەنلىك بولۇپ، تىلى ۋە قەلبى بىلەن ئۇلارنى زىكىر قىلغانىنى ئىپادىلەيدۇ.

(15) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(16) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(17) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) مەنىسىنى چۈشىنىپ ئىمان ئېيتىسا ۋە ئېتىقاد قىلسا دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بىراۋ: [ٱللَّهُ الْحَكِيمُ] «ئاللاھ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدۇ. چۈنكى پۈتۈن ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بارلىققا كېلىدۇ. بىراۋ: [ٱللَّهُ الْعَدْلُ] «ئاللاھ ئادالەتلىكتۇر» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئاللاھنىڭ ئادالىتىگە قايىل بولىدۇ-دە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا تېگىشلىك ھەققىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، خاتىرجەم، بەھۇزۇر ھايات كەچۈرۈشنى داۋام قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، [ٱللَّهُ الرَّازِقُ] «ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئاچ قالمايدىغانلىقىغا، ھارامغا قول ئۇزاتمىسىمۇ ھايات كەچۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىمانى كۈچىيىدۇ-دە، ھالالدىن تېپىپ ھالال يېيىش، ھالال ئىچىش يولىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ.

(3) ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش. بۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرىنچىسى: ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەش ۋە ئۇنى ياد ئېتىش، ئىككىنچىسى: ئاللاھ تائالادىن ھاجىتىنى تىلەش قاتارلىقلارمۇ ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ئەمەل قىلغانلىق سانىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىش ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانى پەقەت ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەنلا مۇكەممەل تونۇغىلى بولىدۇ. ئەللامە ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇشتىن مۇھىم ھاجىتى يوقتۇر. ئاللاھ تائالانى تونۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى تونۇشتىن باشقا يول يوقتۇر. ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى قانچىلىك ياخشى ۋە تولۇق بىلسە، ئاللاھ تائالانىمۇ شۇنچىلىك ياخشى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلمىگەن كىشى ئاللاھ تائالانىمۇ بىلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ»[18].

ئۆبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، رەببىڭنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرگىن دېگەندە، ئاللاھ تائالا [قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ.اللَّهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ.وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ] «(ئى پەيغەمبەر! سەندىن سورىغانلارغا) ئېيتقىنكى، (سەن بىلمەكچى بولغان) ئۇ ئاللاھ يەككە-يېگانىدۇر، ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇ باللىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ» دېگەن ئىخلاس سۈرىسىنى نازىل قىلغان.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىش بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئەسلىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق

(18) ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتا ئاللاھ تائالانى تونۇش ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. چۈنكى بۇيرۇغۇچىنى ۋە توسقۇچىنى بىلمىگەن ئادەم ئىتائەت قىلمايدۇ، ئۇنى قانچىلىك ياخشى بىلگەن كىشىنىڭ ئىتائىتى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنى ئەڭ ئاۋۋال دەۋەت قىلىدىغان ئىشىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر. ئۇلار ئاللاھنى تونۇغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن، ئۇلار ئۇنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بايلىرىدىن ئېلىپ، پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن»[19].

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىش دۇئا ئىجابەت بولۇشنىڭ ئەڭ چوڭ تۈرتكىلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ [وَلِلَّهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَىٰ فَادْعُوهُ بِهَا] «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، شۇڭا، سىلەر ئاللاھنى شۇ ئىسىملار بىلەن چاقىرىڭلار»[20] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسمى بىلەن دۇئا قىلىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلىشقا ۋەدە قىلدى. [ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ] «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن»[21]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلسا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: [اَللَّهُمَّ رَحْمَتَكَ أَرْجُو، فَلَا تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ، وَأَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ، لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ] «ئى ئاللاھ! رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ ئۆز ھالىمغا قويۇۋەتمىگىن، بارلىق ئىشلىرىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، سەندىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر»[22]. يەنە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: [اَللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ وَابْنُ عَبْدِكَ وَابْنُ أَمَتِكَ نَاصِيَتِي بِيَدِكَ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ، أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ، سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَداً مِنْ خَلْقِكَ، أَوْ اِسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ، أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي وَنُورَ صَدْرِي وَجَلَاءِ حُزْنِي وذِهَابَ هَمِّي] «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن، قۇلۇڭنىڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ ئوغلىمەن، تەقدىرىم سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. مېنىڭ ئۈچۈن تەقدىر قىلغانلىرىڭ ھەر زامان يۈرگۈچى ۋە ئادالەتنىڭ ئۆزىدۇر. ئى ئاللاھ! ئۆزۈڭ شۇنداق ئاتىغان ياكى كىتابىڭ ئارقىلىق چۈشۈرگەن ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە بىلدۈرگەن ياكى ئۆز دەرگاھىڭدىكى غەيبلەر قاتارىدا بىزلەرگە بىلدۈرمىگەن بارچە ئىسىملىرىڭنى ۋاستە قىلىپ سەندىن قۇرئان كەرىمنى كۆڭلۈمنىڭ باھارى، قەلبىمنىڭ نۇرى، قايغۇلىرىمنى يوق قىلغۇچى ۋە ئەندىشىلىرىمنى كەتكۈزگۈچى قىلىشىڭنى تىلەيمەن»[23].

**ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلىش بارچە غەم-قايغۇلارنىڭ**

(19) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(20) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(21) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت

(22) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى
(23) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

**يوقىلىشىغا ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.**

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىش ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇشنىڭ يولىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلۇم بىر جايغا قوشۇن ئەۋەتكەن بولۇپ، قوشۇنغا ئىمام بولغان كىشى نامازلىرىنىڭ ھەممە رەكئىتىدە ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇغان. قوشۇن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئەھۋالنى بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭلار» دېگەن. ئۇلار ھېلىقى ئىمامدىن نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ «مەن ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ جاۋابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ئاللاھ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ»[24] دېگەن.

ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ، ئاسىيلىق قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ، ئۇنى سېغىنىدۇ ۋە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى مۆمىنلەر ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىدا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى بىۋاستە ئاڭلىغاندا ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى قاتتىق ئارزۇ

(24) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت



قىلىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالادىن شۇنى تىلەيدۇ. [وَلَمَّا جَاءَ مُوسَى لِمِيقَاتِنَا وَكَلَّمَهُ رَبُّهُ قَالَ رَبِّ أَرِنِي أَنْظُرْ إِلَيْكَ قَالَ لَنْ تَرَانِي وَلَكِنِ انْظُرْ إِلَى الْجَبَلِ فَإِنِ اسْتَقَرَّ مَكَانَهُ فَسَوْفَ تَرَانِي فَلَمَّا تَجَلَّى رَبُّهُ لِلْجَبَلِ جَعَلَهُ دَكًّا وَخَرَّ مُوسَى صَعِقًا فَلَمَّا أَفَاقَ قَالَ سُبْحَانَكَ تُبْتُ إِلَيْكَ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُؤْمِنِينَ] «مۇسا بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا (تۇر تېغىغا) كەلگەن ۋە رەببى ئۇنىڭغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلغان چاغدا: ئى رەببىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرۈۋالاي» دېدى. ئاللاھ: «سەن مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن. لېكىن، تاغقا قارىغىن، ئەگەر تاغ ئورنىدا مەھكەم تۇرالىسا، مېنى كۆرەلەيسەن» دېدى. رەببى تاغقا ئۆز نۇرىنى غىل-پال چۈشۈرۈش بىلەن تاغنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، مۇسا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ: «(ئى رەببىم!) سەن پاكتۇرسەن، ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن (قەۋمىم ئىچىدە ساڭا) ئىشەنگۈچىلەرنىڭ تۇنجىسىمەن، دېدى»[25].

6. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى تولۇق بىلگەن كىشى نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى بىلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى دېگەن سۈپىتىنى بىلگەن ئادەم ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. [اللَّهُ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ] «ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر»[26]. ئاللاھ تائالانىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ئاللاھ تائالادىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ رىزىق بېرىشىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. [وَمَا مِنْ دَابَّةٍ فِي الْأَرْضِ إِلَّا عَلَى اللَّهِ رِزْقُهَا] «يەر يۈزىدىكى ھەربىر جانلىققا رىزىق بېرىشنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان»[27]. ئاللاھ تائالانىڭ ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ئۆزىنىڭ نەقەدەر جاھىل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. [وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ] «ئاللاھ ھەممىنى بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر»[28].

شۇڭا، «رەببىنى بىلگەن ئادەم ئۆزىنى بىلىدۇ» دەپ توغرا ئېيتىلغان. چۈنكى ئاللاھ تائالانى بارلىق گۈزەل سۈپەتلىرى ۋە ئۇلۇغ ئىسىملىرى بىلەن مۇكەممەل تونۇغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، كەمچىلىكىنى ۋە يېتەرسىزلىكىنى بىلىدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالاغا بولغان باغلىنىشى ۋە ئىخلاسى ئاشىدۇ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلىپ ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئىبادەت قىلىدۇ ۋە ھاجەتلىرىنى تىلەيدۇ.

7. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىش تەقۋادارلىققا ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئەيمىنىشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنى بىلىش ئۇنىڭدىن قورقۇش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر، شۇنىڭدەك ئاللاھنى بىلمەسلىك مەغرۇرلۇق ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر»[29]. ئىنسان ئاللاھ تائالانى قانچىلىك مۇكەممەل تونۇسا ئۇنىڭ تەقۋالىقى شۇنچىلىك ئاشىدۇ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى قانچىلىك ياخشى بىلسە، ئۇنىڭ ئەقىدىسى شۇنچىلىك

(25) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(26) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(27) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(28) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(29) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت

مۇستەھكەم بولىدۇ. [إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ] «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ»[30].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغان زات ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن بەك ئوبدان بىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىپادىلەپ: «مەن ئاراڭلاردا ئاللاھنى ھەممىدىن بەك بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغان بىرىمەن»[31] دېگەن.

8. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىش گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىش ۋە تائەت-ئىبادەتكە رىغبەتلىنىشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىنى، رەھمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى ۋە مۇكاپاتىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا ئۆزىنى سازاۋەر قىلىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. بۇ خۇددى ئىش ئورنىدىكى باشلىقىنىڭ ھەرقانداق بىر كەمچىلىكنى كۆزدىن ساقىت قىلمايدىغان، ياخشى ئىشلىگەنلەرنىڭ مۇكاپاتىنى ئاشۇرۇپ بېرىدىغان بىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشىنىڭ باشلىقىنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن زور ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرگىنىگە ئوخشايدۇ.

9. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى بىلىش گۈزەل سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشنىڭ يولىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى رەھىم-شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە رەھىم-شەپقەتلىك بولغانلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىغا رەھىم-شەپقەتلىك بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنتايىن كەرەملىك سېخىي زات ئىكەنلىكىنى ۋە سېخىيلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادەم ئەلۋەتتە سېخىيلىقتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇشقا تىرىشىدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ گۈزەللىكى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بارچە گۈزەل ۋە ئەجايىب مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەنىسى يامانلىققا ياكى زىيان-زەخمەتكە دالالەت قىلىدىغان ئىسىم-سۈپەتلەردىن خالىيدۇر. «سەھىھ مۇسلىم»دا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدا [والشر ليس إليك] «يامانلىق ساڭا مەنسۇپ ئەمەس»[32] دەپ دۇئا قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ زاتىغا ياكى سۈپەتلىرىگە ياكى ئىسىملىرىغا يامانلىقنى مەنسۇپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل زات بولۇپ، ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى ۋە سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى

(30) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(31) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(32) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت

مۆكەممەلدۇر، مەدھىيەگە لايىقتۇر.

ئەللامە ئىبنى تەيمىييە: «ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدە يامانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىم يوقتۇر»[33] دېگەن. ئۇ يەنە: «ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ماختىلىدىغان ئىسىملاردۇر. شۇڭا ئۇلار ‹گۈزەل ئىسىملار› دېيىلىدۇ»[34] دېگەن.

«ئۆلىمالار [شَدِيدُ الْعِقَابِ] (قاتتىق جازالىغۇچى) دېگەن كەلىمە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن سانىلامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەڭ توغرىسى شۇكى، ئۇ كەلىمە ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئازابىنىڭ سۈپىتىدۇر. بۇ ئىبنى تەيمىييە، ئىبنى قەييىم ۋە باشقا تەتقىقاتچى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر»[35].

دوكتور ئۆمەر ئەشقەر مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ئىشلىرىنىڭ ۋە ئىسىملىرىنىڭ سۈپەتلىرى ئۇنىڭ ئىسىملىرىدىن سانالمايدۇ. مەسىلەن: شَدِيدُ الْعِقَابِ، سَرِيعُ الْحِسَابِ، سَرِيعُ الْعِقَابِ، شَدِيدُ الْمِحَالِ... قاتارلىقلار ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى دېيىلمەيدۇ»[36].

## ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىش

ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئاتاپ، ئۇلارنى شېپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلىشنىڭ




جائىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدىن خالىغانلىرىنى ئاتاپ دۇئا قىلسا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ شۇنداق دۇئا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر كەلگەن. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىن مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ يولى دۇئانىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى ياكى سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ ئۇنىڭدىن تىلەكلىرىنى تىلەشتۇر. مەسىلەن: [يَا غَفُوْرُ اغْفِرْلِي يَا رَحِيمُ ارْحَمْنِي] «ئى گۇناھلارنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى رەھىم قىلغۇچى ئاللاھ! ماڭا رەھىم قىلغىن»، [رَبِّ اغْفِرلِي وارْحَمْنِي إِنّكَ أَنْتَ الغَفُورُ الرَّحِيمُ] «ئى رەببىم گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، چۈنكى سەن ھەقىقەتەن گۇناھلارنى ناھايىتى

(33) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(34) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(35) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(36) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت

مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، ناھايىتى رەھىم-شەپقەتلىكسەن» دېگەنگە ئوخشاش»[37].

«قۇرئان كەرىم»دە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. (وَأَيُّوبَ إِذْ نَادَى رَبَّهُ أَنِّي مَسَّنِيَ الضُّرُّ وَأَنْتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ) «ئەييۇب (نىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ رەببىگە: «ھەقىقەتەن ماڭا بالا (يەنى كېسەل) تەگدى، سەن شەپقەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكىسەن»[38] دېگەن ئايەت شۇلارنىڭ مىسالى.

ئۆلىمالار يەنە مۇنداق دېيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن دۇئا قىلغان ئادەمنىڭ تىلىگەنلىرى ئاشۇ ئىسىم-سۈپەتلەرگە مۇناسىپ كېلىشى لازىم. مەسىلەن: ھەربىر ئىسىم بىلەن شۇنىڭغا مۇناسىپ كەلگەن تىلەكنى تىلەش كېرەك. بۇ ‹ئى رەھىم شەپقەتلىك ئاللاھ! ماڭا رەھىم قىلغىن، ئى رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ! ماڭا رىزىق بەرگىن، ئى ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ ئىشلىرىمنى ھېكمەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغىن› دېگەنگە ئوخشاش»[39].

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، ۋەسىلىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈكى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىشتۇر. ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئۆڭكۈردىكى ئۈچ كىشى»نىڭ قىسسىسىنى رىۋايەت

(37) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(38) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(39) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت

قىلغان بولۇپ، قىسسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن ئۈچ نەپەر ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلار بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالىدۇ، شۇ ئەسنادا تاغ ئۈستىدىن بىر يوغان تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى توسۇۋالىدۇ، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىشكە ھېچقانداق چارە تاپالماي، ھەربىرى ئۆزىنىڭ خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋاستە قىلىپ، ئاللاھقا كامالىي ئىخلاسى بىلەن دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ ۋە ھەممىسى سالامەت چىقىپ كېتىدۇ[40].



## ئىسمى ئەزەم (الاسم الأعظم)

ئاللاھ تائالانىڭ «الاسم الأعظم» (ئىسمى ئەزەم– ئەڭ ئۇلۇغ ئىسىم) دېيىلگەن ئىسمى بارمۇ ياكى

(40) ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

يوقمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزى ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئەزەم دەيدىغان بىرەر ئىسمى يوقتۇر، دەپ قارايدۇ. مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرى، ئەللامە ئىبنى ھىببان، ئىمام باقىللانىي قاتارلىق ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئەزەم دەيدىغان ئىسمى يوقتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىملىرىنىڭ ۋە سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسى گۈزەل، ھەممىسى ئۇلۇغدۇر، ئۇلار بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ»(41).

ئەمما كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئەزەم دەپ ئىسمى بار دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە كەلگەن تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى نەقىل قىلىدۇ:

بۇرەيدە ئىبنى ھۇسەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ [اَللَّهُمَّ إِنِّ أَسْأَلُكَ بِاَنِّ اَشْهَدُ اَنَّكَ أَنْتَ اللّٰهُ لاَإِلَـهَ إَلاَ أَنْـتَ الأَحَـدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُواً أَحَدٌ]«‹ئى ئاللاھ! پەزل-كەرەمىڭنى تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، سەن ھەممە ساڭا موھتاج بولغان، پەرزەنتلىك بولمىغان، تۇغۇلمىغان، ھېچكىم ساڭا تەڭداش بولمايدىغان يەككە-يېگانە ئىلاھسەن› دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ مۇنداق دېدى: ‹ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەم ئۇنىڭ بىلەن نېمە تىلىسە

(41) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت

بېرىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قىلىنغان دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمى ئەزەم (ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى) بىلەن دۇئا قىلدى»(42).

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر ئادەم: [اَللَهُمَّ اِنِّ اَسْأَلُكَ بأَنَّ لَكَ الْحَمْدُ لاَاِلَهَ اِلاَّ أَنْتَ الْحَنّاَنُ الْمَنّاَنُ بَدِيْعُ السّماَواَتِ وَالأَرْضِ، ياَذاَ الْجَلاَلِ وَالإِكْراَمِ، ياَ حَيُّ ياَ قَيّوُمُ اَسْلُكَ] ‹ئى ئاللاھ! پەزل-كەرەمىڭنى تىلەيمەن، بارچە ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، سەن ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچانسەن، كۆپ ئېھسان قىلغۇچىسەن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۈرنەكسىز ياراتقان زاتسەن، ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك ئىلاھىم! ئى ھەممىشە تىرىك بولغۇچى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى رەببىم! سەندىن (ھاجەتلىرىمنى) تىلەيمەن› دەپ دۇئا قىلىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا: ‹بۇ ئادەم ئۇنى ئۇقۇپ نېمە تىلىسە بېرىلىدىغان ۋە دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمى ئەزەم بىلەن دۇئا قىلدى›(43) دېدى».

يۇقىرىقى ھەدىسلەر ئىسمى ئەزەم توغرىسىدا كەلگەن ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىسلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى ئەزەم دېگەن ئىسمىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ(44).

## ئىسمى ئەزەم قايسى؟

بەزى ئۆلىمالار ئاللاھ تائالانىڭ «اَللّٰهُ» دېگەن مۇبارەك ئىسمىنى

(42) ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(43) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(44) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت

ئىسمى ئەزەم دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئىسمىلىرى مۇشۇ ئىسىمغا ئەگىشىدۇ. مەسىلەن: [اَللّٰهُ الخَالِقُ، اَللّٰهُ الرَّازِقُ، اَللّٰهُ العَلِيمُ، اَللّٰهُ البَصِيرُ] دېگەنگە ئوخشاش[45].

يەنە بەزى ئۆلىمالار بەندە ئاللاھ تائالاغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ دۇئا قىلغان ۋاقىتدا ئاللاھ تائالانىڭ قايسى ئىسمىنى شېپى كەلتۈرۈپ دۇئا قىلغان بولسا، ئاشۇ ئىسىم ئىسمى ئەزەمدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىمام جەئفەر سادىق، جۇنەيد قاتارلىق ئۆلىمالاردىن نەقىل قىلىنغان[46].

## بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قاراش

كۆپ سانلىق ئۆلىمالار يۇقىرىقى ئىككى ھەدىستە كەلگەن دۇئالارنى ئىسمى ئەزەم دەپ قارايدۇ. ئاشۇ ئىككى دۇئانىڭ قايسىبىرىنى قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى بولغان ئىسمى ئەزەم بىلەن دۇئا قىلغان بولىدۇ. دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن، دۇئا قىلغۇچىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنىڭ ھالالدىن بولۇشىدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ دۇئادا سەمىمىي بولۇشى، ئەقلى، پىكرى، ھېسسىياتى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاللاھ تائالا بىلەنلا بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «سىلەر ئاللاھقا دۇئا قىلغىنىڭلاردا، ئۇنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ئىشەنگەن ھالدا قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ غەپلەتتىكى پەرۋاسىز كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ»[47] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئاتائۇللاھ سەئىد

(45) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(46) ئەئراف سۈرىسى 180-ئايەت
(47) تىرمىزىي رىۋايىتى



# ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئىككى ئاتالغۇ

ئاتاۋۇللا سەئىد

## ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

قۇرئان، ھەدىسنى چۈشىنىش ۋە ئۇلاردىن فىقھىي ھۆكۈملەرنى ئېلىش ئۇسۇلىدىكى بىر قىسىم ئوخشىماسلىقلار سەۋەبىدىن ئەسرى سائادەتتە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تۆت فىقھىي مەزھەپ شەكىللەنگەن. بۇ مەزھەپلەر «ئەھلى سۈننەت مەزھەپلىرى» دەپ ئاتىلىپ، بۇ مەزھەپلەرگە ئەگىشىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ئۆلىمالار ئىجمائ قىلغان. مۇسۇلمانلار مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى ئەمەل، ئىبادەتلىرىنى ئەنە شۇ مەزھەپلەرگە ئاساسەن ئادا قىلىپ كەلگەن. شۇنداقلا مەلۇم بىر مەزھەپكە ئەگىشىش ئالىملار تەرىپىدىن ئەيىبلەنمىگەن ۋە مۇتەئەسسىپلىك ھېسابلانمىغان. مەزھەپتە چىڭ تۇرۇش مۆتىۋەر ئالىملار تەرىپىدىن «التصلب, الصلابة» ئاتالغۇلىرى بىلەن ئاتىلىپ مەدھىيىلەنگەن. مۇتەئەسسىپلىك بولسا، ئوچۇق-ئاشكارا دەلىلنى قوبۇل قىلماسلىق، ئۆزىنىڭ مەزھىپى ۋە قارىشىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىلمىيلىكتىن چەتنەش، قارىشى مەزھەپ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى كەمسىتىش، ئۇلارغا تىل تەگكۈزۈش، ھاقارەت قىلىش بولۇپ، ئۆلىمالار تەرىپىدىن بىردەك ئەيىبلەنگەن، چەكلەنگەن. مەزھەپچىلىك (التمذهب)، مەزھەپتە مۇستەھكەم تۇرۇش(التصلب, الصلابة) مۇتەئەسسىپلىك (التعصب) قاتارلىقلار بىر-بىرىدىن پەرقلىق، ئايرىم-ئايرىم، مۇستەقىل ئاتالغۇلار بولۇپ، ھۆكۈمى ۋە ئالامەتلىرى جەھەتتىنمۇ بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

## ماقالىنىڭ ئەھمىيىتى:

ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى ۋە ئۇقۇم دائىرىسىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ھەر بىر ئىلىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئاتالغۇلىرى بولىدۇ. مەلۇم بىر ئىلىمگە خاس ئاتالغۇلارنىڭ مەنىلىرىنى بىلىش شۇ ئىلىمگە قەدەم قويغۇچىلار ۋە شۇ ئىلىمدە مۇتەخەسسىس بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلار ئۈچۈن بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ ئۆز ساھەسىدە بەلگىلىك مىقداردا ئىلمىي ئاتالغۇلارنى بىلىشى ئىلىمگە كىرىشنىڭ ئاچقۇچى ۋە تەتقىقات قورالىدۇر. ئىلىم ئۆگىنىشمۇ

ھۈنەر-كەسىپ، تىجارەت ئۆگەنگەنگە ئوخشايدۇ. مەلۇم بىر ھۈنەر-كەسىپ ئۆگەنمەكچى بولغان كىشىمۇ ئەڭ دەسلەپ شۇ ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىشتا قوللىنىلىدىغان ئەسۋاب-سايمانلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىدۇ. مەلۇم بىر تىجارەتنى ئۆگەنمەكچى بولۇپ، دۇكانچىغا شاگىرتقا كىرگەن كىشىمۇ ئىشنى ئەڭ دەسلەپ شۇ تىجارەتكە خاس ئاتالغۇلار، شۇ دۇكاندىكى ماللارنىڭ ماركىلىرى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇشتىن باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار كىتابلىرىدا ئاتالغۇلارغا تەبىر بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندىن تاشقىرى، شەرىف جورجانىي، زەكەرىيا ئەنسارىي، نەجمۇددىن نەسەفىي، سەدرۇددىن قونەۋىي، فەييۇمىي، ئەلمۇجەددىدىي بەركەتىي قاتارلىق ئالىملار ئاتالغۇلار تەبىرى ھەققىدە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. ھەر ساھە ئاتالغۇلىرى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇلار ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىش ھاجەتسىز.

مەزكۇر ماقالە فىقھىي ئاتالغۇلىرى ئىچىدىكى كۆپىنچە كىشىلەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئىككى ئاتالغۇنى ئەتراپلىق يورۇتۇش ۋە فىقھىي مىراسلىرىمىزغا تايانغان ئاساستا بۇ ئاتالغۇلار ھەققىدە توغرا قاراش تۇرغۇزۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ ئىككى ئاتالغۇ مەزھەپچىلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىكتۇر. بۇنىڭ بىرى ئىجابىي، توغرا ئىش بولسا، يەنە بىرى سەلبىي، ناتوغرا ئىشتۇر. بۇ ئىككى ئاتالغۇنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، بەلگە، ئالامەتلىرىنى بىلمەسلىك نۇرغۇن خاتالىقلارغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا ئىجابىي، توغرا بولغان سۈپەتنى سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىش شەخسلەر مۇناسىۋەتتىمۇ تەسىر يەتكۈزۈپ، جەمئىيەتتە ئىتتىپاقسىزلىق، تەپرىقە، ئاداۋەتكە، ئارىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ شەرئىيتتىكى ھۆكمىنى بىلمەسلىك كىشىدە خاتا ئىدىيە شەكىللەندۈرۈپ، خاتا ھۆكۈم قىلىشقا ئېلىپ بارسا، ئالامەتلىرىنى، ئىپادىلىرىنى بىلمەسلىك ئۆزى سەزمەستىن خاتالىققا چۈشۈپ قېلىشقا، باشقىلارغا خاتا تون پىچىشقا، باشقىلارنى ئورۇنسىز ئەيىبلەشكە ئېلىپ بارىدۇ. بىز تۆۋەندە بۇ ئىككى ئاتالغۇنى ئەتراپلىق يورۇتۇشقا تىرىشىمىز.



## مەزھەپچىلىك

مەزھەپچىلىكنىڭ نىمىلىكى، توغرا-خاتالىقى ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى، مۇقىملىشىشى ھەققىدە بىر ئاز توختىلىش زۆرۈر بولسا كېرەك. بىز تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇق. توپلىشىپ ياشاش، مەلۇم توپ، كوللېكتىپقا تەۋە بولۇپ پائالىيەت قىلىش ئىنسانىنىڭ تۇغما تەبىئىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ تەرەپ تۇتۇشى، مەلۇم ئىدىيە، ئېقىم، مەزھەپكە تەۋە بولۇپ، شۇ دائىرىدە پائالىيەت قىلىشى نورمال بىر ھادىسە. ئەكسىچە، ھېچقانداق ئېقىم، مەزھەپكە تەۋە بولماي، ئايرىم ياشىشى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە يات ئىشتۇر. ئىنسان ئەڭ كىچىك ئىجتىمائىي بىرلىك بولغان ئائىلىدىن باشلانسا، جەمەت، قەبىلە، مىللەت قاتارلىق چوڭ-چوڭ توپلارغا تەۋە بولۇپ ياشايدۇ. ئەقىدە، ئىدىيە، پىكىر جەھەتتىمۇ شۇنداق. بۇ ھەممە ئىنسانلارغا ئورتاق ھادىسە. فىترەت دىنى بولغان ئىسلام دىنىمىزمۇ بىرلىشىش، ئىتتىپاقلىشىشقا، جامائەتتىن ئايرىلماسلىققا بۇيرۇغان، جامائەتتىن ئايرىلىشنى ئازغۇنلۇق، زالالەت دەپ تەرغىب قىلغان. چۈنكى ئىنسان ھامان مەلۇم بىر توپ، مەلۇم بىر جامائەتكە تەۋە بولۇپ ياشايدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، مۇسۇلمان كىشى ساغلام مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن ئايرىلسا، باشقا ئازغۇن جامائەتلەرگە قېتىلىپ كېتىشى مۇقەررەر. توپتىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەيدۇ. جامائەتتىن ئايرىلغان مۇسۇلمانىنىمۇ شەيتان يەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نۇقتىنى ئەسكەرتىپ: «جامائەتتىن ئايرىلماڭلار، پادىدىن ئايرىلغان قوينى چوقۇم بۆرە يەيدۇ» دېگەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن كۈنىمىزگىچە ياشاپ ئۆتكەن ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئايان قىل سىغماس ھەقىقەت شۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەل قىلىشى، بويسۇنۇشى، ھايات مىزانى قىلىشى ۋاجىپ بولغان بىردىنبىر قانۇن ئاللاھنىڭ قانۇنىدۇر. ئىنسانلارنى ئازغۇنلۇق زۇلمەتلىرىدىن ئىمان، ئىسلام نۇرىغا باشلايدىغان ھىدايەت مەشئىلى پەقەت ۋە پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆتۈرگەن ھىدايەت مەشئىلىدۇر. بۇ يەردە يەنە بىر ھەقىقەت باركى، ئاللاھ ئىنسانلارنى ئەقىل-پاراسەت، چۈشىنىش ئىقتىدارى، تەپەككۇر قابىلىيىتى جەھەتتە پەرقلىق ياراتقان. ئىسلام دىنىنى قىيامەتكىچە بارلىق ئىنسانلارنىڭ دىنى قىلىپ تاللىغان ئاللاھ پەيغەمبىرى دۈچ كەلگەن ۋە قىيامەتكىچە يۈز بېرىدىغان مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى، ھەل قىلىش چارىسى تېپىلىدىغان كىتابى قۇرئان كەرىمنى 23 يىلدا چۈشۈرگەن ۋە ئۇنى پەيغەمبىرىنىڭ ھاياتى ۋە تىلى ئارقىلىق شەرھلىگەن. قۇرئان ئۆزى چۈشۈۋاتقان دەۋر مەسىلىلىرىنى بىۋاسىتە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشەندۈرۈشى، تەتبىقلىشى ئارقىلىق ھەل قىلسا، قىيامەتكىچە يۈز بېرىدىغان مەسىلىلەرنى قۇرئان، سۈننەتنى مەنبە قىلغان مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ ئىجتىھادى ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ئىسلامنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

(1) «سۈنەن ئەبۇ داۋۇد»، 547-نومۇرلۇق ھەدىس؛ «سۈنەن نەسەئىي»،847-نۇمۇلۇق ھەدىس. بۇ ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋىي: ھەسەن،-دېگەن.

ئاللاھ قىيامەتكىچە بارلىق ئىشلارنىڭ تەپسىلىي ھۆكۈم، قانۇنلىرى چىقىدىغان نەچچە ئون، نەچچە يۈز توملۇق كىتابلارنى چۈشۈرۈشكىمۇ قادىر ئىدى. لېكىن ئۇنداق بولغاندا ئىنسانلار قۇرئاننى ئىنكار قىلغان بولاتتى. ئويلاپ بېقىڭ! ئون ئەسىر بۇرۇنقى ئىنسانلارغا ئايروپىلاندا ناماز ئوقۇش، قەغەز پۇل، رەقەملىك پۇل، تېلېفون قاتارلىق زامانىۋى نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئايەت، ھەدىسلەر، شۇ دەۋر كىشىلىرى چۈشەنمەيدىغان، ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان ئىشلارنىڭ ھۆكۈملىرى چۈشۈرۈلگەن بولسا، ئۇلار قوبۇل قىلالماسلىقى، قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇمۇسۇلمانلارشۈكەشپىياتلار بارلىقىقا كەلگۈچە نەچچە ئەسىر بۇ ھۆكۈملەرنى يادلاش ۋە ساقلاشتا قىينالغان بولاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى پەرقلىق يارىتىپ، ھەر دەۋر مەسىلىلىرىنى قۇرئان، سۈننەت روھى بويىچە ھەل قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى، قۇرئان كەرىمنى قىيامەتكىچە ئىنسانلارنىڭ ھايات مىزانى قىلغانلىقى، قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى، پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچقانداق ئىنساننىڭ خاتالىقتىن خالىي ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەھلى ئىلىملەرگە ئەگىشىشكە، ئىختىلاپلىشىپ قالغان مەسىلىلەردە ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئەھلى ئىلىملەرنىڭ خىلمۇخىل قاراشلاردا بولۇشىنى ۋە ھەر خىل مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشىنى خالىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىسلام تارىخىغا قارايدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات تۇرۇپ، ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى سۆزلىرىنى پەرقلىق چۈشەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭ مىساللىرىنىڭ بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى قۇرەيزەگە يۈرۈش قىلىش ئالدىدا ساھابىلەرگە: «ھېچكىم ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزەگە بارماستىن ئوقۇمىسۇن» دېگەن سۆزىدۇر[2]. بۇ ھەدىستىن بىر قىسىم ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى قۇرەيزەگە تىز بېرىڭلار دېمەكچى دەپ چۈشىنىپ، نامازنى يولدا ئوقۇۋېتىپ بارغان بولسا، يەنە بىر قىسىم ساھابىلەر نامازنى كېچىكتۈرۈپ، بەنى قۇرەيزەگە بېرىپ ئوقۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىلا تەرەپنى ئەيىبلىمىگەن.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى ئەيىبلىمىگەن»[3].

بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەرنىڭ ئورامىدىن مەلۇمكى، ساھابىلەر ئىختىلاپلىشىپ قالغان مەسىلىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايتتى ۋە ئۇنىڭ جاۋابى بىلەن ئىختىلاپ تۈگەيتتى. مەلۇمكى، فىقھى ئىلمى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە يېزىپ قالدۇرۇلمىغان،

(2) «سەھىھۇل بۇخارى»، 4119-نومۇرلۇق ھەدىس

(3) ئىبنى قەييىم جەۋزى: «إعلام الموقعين»، 1-توم، 155-بەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ھۆكۈملەرنى ئۆگىنىش، ئۆگىتىش ئۇسۇلىمۇ مەزھەپ ئىماملىرى دەۋرىدىكىدىن پەرقلىنەتتى. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالاتتى-يۇ، تاھارەتنىڭ پەرزى تۆت ياكى ئالتە، ۋاجىپلىرى ئانچە، سۈننەتلىرى مانچە، دەپ تەپسىلىي ئېيتىپ بەرمەيتتى. ساھابىلەر كۆرۈپ تاھارەت ئېلىشنى ئۆگىنەتتى. پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ئاتالغۇلىرى مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپ-سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن نېمىنىڭ پەرز، نېمىنىڭ ۋاجىپ ياكى سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتى. ئىماملىرىمىز بولسا قۇرئان، ھەدىس ۋە ساھابىلەرنىڭ دىن ئەھكاملىرىنى چۈشىنىش مېتودىنى تەتقىق قىلىپ، ساھابىلەر زېھنىدە مەۋجۇت چۈشەنچىلەرنى رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىبادەتلەرنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلىرىنى، شەرت، سەۋەبلىرىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، ھەر ئىبادەت ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان پەرز، ۋاجىپلار، تەرك ئېتىلىپ قالسىمۇ ئىبادەت ئادا بولۇۋېرىدىغان سۈننەت، مۇستەھەپ قاتارلىقلارنى كونكرېتلاشتۇرغان بولۇپ، دەۋر شۇنى تەلەپ قىلاتتى. چۈنكى ئىنسانلار ۋەھيى دەۋرىدىن يىراقلاشقانسېرى ساھابىلەرنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتنى چۈشىنىش مېتودىدىن يىراقلىششى، شەرىئەت بۇرمىلىنىشى، ھەر كىم خالىغانچە چۈشىنىپ شەرىئەتنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا بۇ مېتودنىڭ زېھىن ئالىمىدىن قەغەز يۈزىگە چىقىشى، سىستېمىلىششى تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. دەرھەقىقەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھەر خىل ئازغۇن پىرقىلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. دىن ھەر كىم خالىغانچە گەپ قىلسا، خالىغىنىچە ئىجتىھاد قىلسا بولۇۋېرىدىغان ئوچۇق باغچە بولۇپ قالماسلىقى، دىنىي ئىجتىھاد، دىنىي پەتىۋالار ئىلمىدە يېتىشكەن، لاياقەتلىك كىشىلەردىن چىقىشىنىڭ زۆرۈرلىكى، نادانلارنىڭ ۋە ئازغۇنلارنىڭ دىننى خالىغانچە بۇزۇپ ئوينىماسلىقى، دىننى بۇرمىلىماسلىقى ئۈچۈن دىن ھىمايىچىلىرى، ئاللاھ دىنىنى قوغداش ئۈچۈن تاللىغان ئىماملارنىڭ تىرىشچانلىقى تۈرتكىسىدە دىنىي ئىلىملەر تەدرىجىي ھالدا سىستېمىلىشىپ، فىقھىي، ئۇسۇلۇل فىقھىي (ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى) قاتارلىق ئىلىملەر مەيدانغا كەلدى ھەمدە بىر قىسىم چۈشەنچە ۋە مېتود پەرقى سەۋەبىدىن خىلمۇخىل مەزھەپلەر شەكىللەندى.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، قەدىمدىن ھازىرغىچە، مەشرىقتىن مەغرىبكىچە پۈتۈن ئەھلى قىبلىنىڭ (قۇرئانچى دەپ ئاتالغان ئازغۇنلادىن باشقا) قارىشىدا بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم مەنبەسى قۇرئان، ھەدىستۇر. خاۋارىج، شىئە، مۇئتەزىلە، قەدەرىيە، ئەھلى سۈننەت ۋە كۈنىمىزدىكى ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك مەزھەپ، ئېقىم، پىرقىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرئان، ھەدىسنى دەستۇرىمىز، ھۆكۈم

مەنبەيىمىز دەپ قارايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئىختىلاپ قەيەردىن كەلگەن؟ نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن پىرقىلەر قۇرئان، ھەدىسكە ئېسىلىشنى داۋا قىلىپ تۇرۇپ ئېزىپ كەتكەن؟

بۇ ئىختىلاپ قۇرئان، ھەدىسنى چۈشىنىش مېتودىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن كەلگەن. نۇرغۇن پىرقىلەر چۈشىنىش مېتودىدا خاتالاشقانلىقى سەۋەبىدىن ئېزىپ كەتكەن. ساغلام ئەقىدە تۇرغۇزۇش، ئازغۇنلۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى قۇرئان، ھەدىسنى ساغلام يول بىلەن چۈشىنىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنغا سادىق، دىنىي غۇرۇرى ۋە دىنغا بولغان مۇھەببىتى كۈچلۈك تەقۋادار بىر تۈرۈك كىشىنىڭ «بىز قۇرئان، ھەدىسكە قايتقاندىلا نىجاتلىققا، غەلىبىگە ئېرىشەلەيمىز، بىردىنبىر قۇتۇلۇش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش يولىمىز قۇرئان، ھەدىسكە قايتىشتۇر» دەپ شۇئار توۋلىشى ۋە تەشۋىق قىلىشى تەقدىرلەشكە تېگىشلىك، ساۋابقا لايىق ياخشى ئەمەل. ئەمما ئەھلى ئىلمىنىڭ شۇئارى «بىز قۇرئان، ھەدىسنى ساغلام مېتود بىلەن چۈشەنگەندىلا نىجاتلىققا ئېرىشەلەيمىز، بىزنىڭ بىردىنبىر نىجاتلىق يولىمىز قۇرئان، ھەدىسنى ساغلام ئۇسۇل بىلەن چۈشىنىش» بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ ساغلام مېتود قايسى؟

ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلمى سەلەف-سالىھلارنىڭ قۇرئان، ھەدىسنى چۈشىنىش مېتودىنى بىزگە يەتكۈزگەن ئىلىمدۇر. بۇ ئىلىمنىڭ نىشانىمۇ ئاشۇ مېتودنى رەتلەش، سىستېمىلاشتۇرۇشتۇر. ئىمام جۇۋەينىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلمىنىڭ نىشانى ساھابىلەر قوللانغان قائىدە-پىرىنسىپلارنى قېزىپ چىقىشتۇر»[4].

كىمكى قۇرئان، ھەدىسنى ساھابىلەر چۈشەنگەن توغرا يول بىلەن چۈشىنەي دېسە، بۇ يولنى بىزگە يەتكۈزگەن ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلمى بويىچە چۈشەنسۇن. ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلمى ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ مۇھىم ئىلىمدۇر. ئىمام غەززالىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ شەرەپلىك ئىلىم ئەقىل بىلەن نەقىل، شەرىئەت بىلەن پىكىر تەڭ ئىشلىتىلگەن ئىلىمدۇر. فىقھى ۋە ئۇسۇلۇل فىقھى مانا شۇ ئىلىملەر جۈملىسىدىندۇر»[5]. چۈنكى قۇرئان، ھەدىس ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلمى بويىچە چۈشىنىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇ نۇقتا ئېنىق بولۇشى كېرەككى، قۇرئان، ھەدىس ھەممىگە ھاكىم. يەنى، ئىنسان ئەقىدىسى، ئىش-ھەرىكىتى، گەپ-سۆزى، ئەخلاقى، قىسقىسى پۈتۈن ھاياتىنى قۇرئان، ھەدىسكە بويسۇندۇرۇشى، بۇ ئىككىسىنى پۈتۈن ھاياتىغا ھاكىم قىلىشى لازىم. لېكىن قۇرئان، ھەدىسنى چۈشىنىش ئۇسۇلۇل فىقھىگە مەھكۇمدۇر.

ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلمى مەزمۇن ۋە ماھىيەت جەھەتتىن ھېچقانداق

(4) دوكتۇر ئامىر بەھجەت: «الطريق إلى علم أصول الفقه»، 11-بەت

(5) ئىمام غەززالىي: «المستصفى»، «دار الكتب العلمية» نەشرىياتى، 1993-يىل، 1-نەشرى، 1-توم، 4-بەت

يېڭىلاشنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمما شەكىل جەھەتتىن قانچىلىك يېڭىلانسا كېرەك يوق. مەسىلەن: مۆتىۋەر ئۇسۇلۇل فىقھى كىتابىدىن بىرىنى قولۇڭغا ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلار چۈشىنەلەيدىغان شەكىلدە ئاددىيلاشتۇرساڭ، گىرافىكىلاشتۇرساڭ ساۋابقا لايىق ياخشى ئىش قىلغان بولىسەن، ئاللاھ ئەجرىڭنى بەرسۇن!

ئۇسۇلۇل فىقھنى مەزمۇن، ماھىيەت جەھەتتىن يېڭىلاش تەرەپدارلىرى، «نەس (قۇرئان، ھەدىسنىڭ تېكىستى) مۇقەددەس، چۈشىنىش ئەركىنلىك» تەشەببۇسچىلىرى دىننى ئۆز ھاۋايى-ھەۋىسى بويىچە چۈشەنمەكچى بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ مەقسىتى دىننى بۇرمىلاشتۇر. ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلمىنى بىلمەستىن دىنىنىڭ ئۆلىمالارغا خاس ئەھكاملىرى ھەققىدە گەپ قىلغۇچىلار ئىلىمسىز گەپ قىلغۇچىلاردۇر.

ئاللاھ تائالا دىندا ئىلىمسىز گەپ قىلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (سىلەر ئاغزىڭلارغا كەلگەنچە يالغان سۆزلەپ «ئۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى (بۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ)[6].

(ئاللاھ سىلەرگە رۇخسەت بەردىمۇ ياكى سىلەر ئاللاھقا يالغاننى چاپلاۋاتامسىلەر؟)[7]. زەمەخشەري بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ ئايەت سورالغان ھۆكۈملەرگە ئالدىراپ جاۋاب بېرىشتىن قاتتىق چەكلەش، مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە ئېھتىيات قىلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش، ھېچكىشىنىڭ پۇختا بىلمەستىن، ئىشەنچ قىلماستىن گەپ قىلىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى تەكىتلەشتە يېتەرلىكتۇر. كىمكى (سۆزىنىڭ توغرىلىقىغا) ئىشەنچ قىلالمىسا، (دىني مەسىلىلەردە سۆز قىلىشتا) ئاللاھتىن قورقسۇن، سۈكۈت قىلسۇن. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان بولىدۇ»[8].

ئاللاھ تائالا دىن نامىدىن ئىلىمسىز گەپ قىلىشنى شېرىك بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: ((ئى پەيغەمبەر) ئېيتقىنكى، رەببىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، ئاللاھقا ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى شېرىك قىلىۋېلىشىڭلارنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر ھەققىدە ئاللاھ نامىدىن سۆزلىشىڭلارنى ھارام قىلدى)[9].

دىن نامىدىن ئىلىمسىز گەپ قىلىش شېرىك بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنغان ئېغىر گۇناھتۇر. چۈنكى دىن نامىدىن ئۇ ھالال، بۇ ھارام دەپ پەتىۋا بەرگۈچى ئاللاھنىڭ مۆھۈرىنى باسقۇچى مۆھۈردارغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ ھارام دېمىگەنگە ھاراملىق، ھالال دېمىگەنگە ھالاللىق مۆھۈرى باسقۇچى

(6) سۈرە نەھل 116-ئايەت
(7) سۈرە يۇنۇس، 59-ئايەت
(8) «كەششاف»، 3-توم، 31-بەت
(9) سۈرە ئەئراف، 33-ئايەت

ئاللاھقا خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىدىن كېيىن ئەگىشىشكە، پەتىۋا سوراشقا، دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ساھابىلەرنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ پەتىۋا بېرىشتە جۈرئەتلىكىڭلار دوزاخقا كىرىشكە جۈرئەتلىك بولغىنىڭلاردۇر»[10].

«بىرەر كىشىگە ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىلگەن بولسا (يەنى ئىلىمسىز خاتا پەتىۋا بېرىلىپ، گۇناھ ئىش قىلىپ سالغان بولسا)، ئۇنىڭ گۇناھى پەتىۋا بەرگۈچىگە بولىدۇ»[11].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سانى يۈز مىڭدىن ئاشسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلىم سەۋىيە جەھەتتە باراۋەر ئەمەس ئىدى. چۈنكى ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇش ۋاقتى پەرقلىنەتتى. تۆت خەلىپە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ھۇزەيفە، ئەممار قاتارلىق ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شەھەردىمۇ، سەپەردىمۇ ئايرىلمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىلىم سەۋىيەسىمۇ ئەلۋەتتە يۇقىرى بولاتتى. بەزى ساھابىلەر يېشى كىچىك ياكى ئارىلىقى يىراق ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاز ھەمراھ بولاتتى. ئەر-ئايال بولۇپ پەتىۋا نەقىل قىلىنغان ساھابىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 130 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلاردىن پەتىۋا كۆپ نەقىل قىلىنغانلىرى يەتتە كىشى. ئۇلار: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، مۆمىنلەر ئانىسى ئائىشە، زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر قاتارلىقلاردۇر[12]. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى ئىچىدىن بىر قىسىم ئالىم ساھابىلەرنى كۆرسىتىپ، شۇلارغا ئەگىشىشنى ئالاھىدە تاپىلىغان. فىقھى مەزھەپلەرمۇ شۇ ئالىم ساھابىلەر قۇرغان مەدرىسەلەرنىڭ داۋامى سۈپىتىدە شەكىللەنگەن. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «دىن ۋە فىقھى ئۈممەتكە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ تالىپلىرىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق تارقالغان. پۈتۈن ئىنسانلار (دىنىي) شۇلاردىن ئۆگەنگەن»[13].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم ساھابىلەرگە ئەگىشىشنى

---

(10) دارىمىي «سۈنەن» ناملىق كىتابىدا ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبى جەئفەردىن مۇرسەل ھالەتتە رىۋايەت قىلغان، 1-توم، 179-بەت؛ «سۈنەن سەئىد ئىبنى مەنسۇر»، 1-توم، 64-بەت، 56-نومۇرلۇق ھەدىس، سەئىد ئىبنى مۇسەييىبتىن مۇرسەل ھالەتتە رىۋايەت قىلىنغان، «الجامع الصغير» ۋە مۇناۋىينىڭ «فيض القدير» 1-توم، 158-بەتتە سەھىھلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان. سەئىد ئىبنى مۇسەييىبنىڭ مۇرسەل ھەدىسلىرىنىڭ مەقبۇل ئىكەنلىكىگە ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن.

(11) «سۈنەن ئىبنى ماجە»، 53-نومۇرلۇق ھەدىس؛ «مۇسنەد ئەھمەد»، 8249-نومۇرلۇق ھەدىس ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنغان.

(12) ئىبنى قەييىم جەۋزى: «أعلام الموقعين»، 1-توم، 10-بەت.

(13) يۇقىرىقى كىتاب، 1-توم، 21-بەت.

ئالاھىدە تاپىلىغان. ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەندىن كېيىن ياشىغانلار كۆپ ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ۋە توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار...»[14]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەندىن كېيىن ئىككى كىشىگە، يەنى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرگە ئەگىشىڭلار»[15].

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قانچىلىك ھايات تۇرالايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، مەندىن كېيىن ئىككى كىشىگە ئەگىشىڭلار، دېدى ۋە ئەبۇ بەكرى، ئۆمەرگە ئىشارەت قىلدى. ئەممارنىڭ يولىغا ئەگىشىڭلار، ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىڭلار» دېدى[16].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئۇممۇ ئەبد (ئىبنى مەسئۇدنىڭ تەخەللۇسى) ئۈممىتىم ئۈچۈن رازى بولغان ئىشقا مەنمۇ رازى»[17].

يۇقىرىقى ئالىم ساھابىلەر ئاساسەن ۋەھيىنىڭ چۈشكەن جايى، ئىسلامنىڭ بۆشۈكى بولغان مەدىنە مۇنەۋۋەرە بىلەن كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ پايتەختى مەركىزى بولغان كۇفەگە يەرلەشكەن ھەمدە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا ئەھلى مەدىنە مەدرىسەسى ۋە ئىراق مەدرىسەسى دەپ ئىككى مەدرىسە شەكىللەنگەن. ھەر يۇرت ئەھلىنىڭ ئۆز ئالىملىرىنىڭ ئىلمى ۋە تەقۋالىقىغا بولغان ئىشەنچىسى باشقا يۇرت ئالىملىرىغا قارىغاندا يۇقىرى بولغان. ئىمام بۇخاري رەھمەھۇللاھ ئىكرىمەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەدىنە ئەھلى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

- (ھەج كۈنلىرى) ھەيز كۆرۈپ قالغان ئايال زىيارەت تاۋپىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋىدالىشىش تاۋپىنى قىلماي قايتىپ كەتسە بولامدۇ؟- دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەدىنە ئەھلى ئۇنىڭغا:

- زەيد (ئىبنى سابىت)نىڭ سۆزىنى تاشلاپ، سېنىڭ گېپىڭنى ئالمايمىز.- دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە مەدىنىلىكلەرنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «بىزگە پەتىۋا بىرەمسەن، بەرمەمسەن، پەرۋايىمىز يەلەك، چۈنكى (بۇ ھەقتە) زەيد ئىبنى سابىت قايتسا بولمايدۇ،-

(14) «سۈنەن ئەبۇ داۋۇد»، 4607-نومۇرلۇق، «سۈنەن تىرمىزى»، 2816-نومۇرلۇق ھەدىس. تىرمىزى بۇ ھەدىسنى سەھىھ،-دېگەن. ۋە بۇ ھەدىسنى باشقا مۇھەددىسلەرمۇ رىۋايەت قىلغان.

(15) «سۈنەن تىرمىزى»، 3662-نومۇرلۇق، «سۈنەن ئىبنى ماجە»، 97-نومۇرلۇق ھەدىس. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى: ھەسەن،-دېگەن.ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلغان.

(16) ئەلبانىي: «سەھىھۇتتىرمىزى»، 3799-نومۇرلۇق ھەدىس. بۇ ھەدىسنى ئەلبانىي: سەھىھ،-دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.

(17) ئەلبانىي: «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»، 1225-نومۇرلۇق ھەدىس.

دەپ پەتىۋا بەرگەن» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان[18].

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەتىۋاسىغا قايتقاندىن كېيىن مەدىنە ئەھلى ھەيزدار ئاياللارنىڭ ۋىدالىشىش تاۋىپى قىلماي قايتىشىغا قايىل بولغان. چۈنكى مەدىنە ئەھلى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەكرەك ئىشەنچ قىلاتتى. ئىسلام تارىخىدىكى تۆت مەزھەپنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ شەكىلدە تىكلەنگەن. مالىكى مەزھەپىنى ئىمام مالىك ئىجاد قىلغان بولماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتىدە كاتتا تابىئىنلاردا نەچچە ئون يىللاپ ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، يەتمىش ئەھلى ئىلىمنىڭ «ئىلىم ئۆگىتىشكە ۋە پەتىۋا بېرىشكە لايىق» دېگەن گۇۋاھلىقى بىلەن ئەھلى مەدىنە مەدرىسەسىنىڭ ئىمامى سۈپىتىدە ساھابىلەردىن داۋاملىشىپ كەلگەن مەدرىسەگە ۋارىسلىق قىلغان ھەم تەرەققىي قىلدۇرغان، تەھرىرلەپ، تەتقىق قىلىپ، ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن قانداق ھۆكۈم ئېلىشنىڭ بىر قاتار مېتود ۋە ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مېتود ۋە ئۇسۇللار ئاساسىدا بىر مەزھەپ شەكىللەنگەن. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەمۇ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قالغان كۇفە مەدرىسەسىنىڭ ۋارىسى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچىسىدۇر. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبىرىمىز «ياخشى ئەسىر» دەپ خەۋەر بەرگەن ساھابە، تابىئىن، تەبئى

(18) ئىبنى ھەجەر: «فتح الباري»، 3-توم، 588-بەت.

تابىئىنلار دەۋرىدە قۇرئان، ھەدىسنى چۈشىنىش، ھۆكۈم ئېلىش مېتودلىرى ئاساسەن شەكىللىنىپ بولغان. ئىمام شافىئىي تۇنجى ئۇسۇلۇل فىقھى كىتابىنى يازغان دەۋردە ھەنەفىيلەردىن ئىيسا ئىبنى ئەبانمۇ ئۇسۇلۇل فىقھى ھەققىدە «الحجج الكبير»، «الحجج الصغير» قاتارلىق ئۇسۇلۇل فىقھى ئەسەرلىرىنى يازغان. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن جەسساسنىڭ ئۇسۇلۇل فىقھى كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن[19].

دېمەك، مەزھەپ پېشۋالىرى مەزھەپ ئىجادچىلىرى بولماستىن، بەلكى ۋارىسلىرى، تەرەققىي قىلدۇرغۇچىلىرى،تەھرىرلىگۈچىلىرى، رەتلىگۈچىلىرىدۇر. ئەبۇ ھەنىفە دەۋرى ۋە شۇنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دەۋرلەردە يەتمىشكە يېقىن مۇجتەھىد بولۇپ، بىر قىسمىلىرىنىڭ مەزھەپ قاراشلىرى تارقىتىدىغان، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان شاگىرتلىرى بولماسلىقى، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئۆز قاراشلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئۆزىدىن ئىلىملىك ئىماملارغا ئەگىشىشى سەۋەبىدىن مەزھەپلەر تەدرىجىي ئازايغان ياكى بىرلىشىپ كەتكەن. مەشھۇر ئىماملاردىن ئەبۇ سەۋر ئۆزىنىڭ مەزھىپىنى تەرك ئېتىپ، ئىمام شافىئىيغا ئەگەشكەن بولسا، يۇسۇف ئىبنى خالىد سەمتىي، ئىيسا ئىبنى ئەبان قاتارلىقلار پىكىرلىشىش، مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق ھەنەفىي مەزھىپىگە قايىل بولۇپ، ھەنەفىي مەزھىپىگە كىرگەن. يەھيا ئىبنى سەئىد قەتتان،

(19) مۇھەممەد بوينۇكالىنىڭ: «ئىيسا ئىبنى ئەبان ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇلۇل فىقھى قاراشلىرى» ناملىق كىتابقا قاراڭ.

سۇفىيان سەۋرىي قاتارلىق كۇفە ئالىملىرىنىڭ مەزھىپىمۇ ھەنەفىي مەزھىپىدىن ئاساسەن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. مەزھەپلەر تەدرىجىي ھالدا ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن ۋە ئۇسۇل-قائىدە، مېتودلىرى مۇكەممەللىشىپ، تاكامۇللاشقان.

مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ئۇسۇل-قائىدە ئىختىلاپىدۇر. مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇسۇلۇل فىقھى، يەنى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن فىقھىي ئەھكاملارنى چىقىرىش مېتودى ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى چوڭ رول ئوينايدۇ. ئىماملىرىمىز ئەنە شۇنداق ئوخشىمىغان مېتود ۋە ئۇسۇللار ئاساسىدا مەزھەپلىرىنى قۇرۇپ چىققان. زامانىمىزدىكى ئىلمىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە تەقۋادارلىقىغا ئۈممەت بىرلىككە كەلگەن تۆت ئىمام شەكىللەندۈرگەن مەزھەپلەرنى بۇزۇپ، چۇۋۇش تەرەپدارلىرى ھەر قانچە قىلسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن دەۋردە ياشىغان سەلەف ئىماملىرىدىن ياخشى بىر مەزھەپنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى ئالىملار ئەسىرى سائادەتتە شەكىللىنىپ قايناپ پىشقان، تەدرىجىي تاكامۇللاشقان مەزھەپلەرنى چۇۋۇپ، ئىشنى يەنە باشتىن باشلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، گەرچە ئايرىم مەزھەپ شەكىللەندۈرۈپ ئەگەشكۈچى توپلىيالايدىغان تورۇپمۇ، زۆرۈرىيەتنىڭ يوقلۇقى، ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن مەزھەپلەرگە تەۋە بولغان. ئىمامى بىلەن پىكرى بىردەك بولمىغان مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ ئىجتىھادىي قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنى كىتابلىرىدا خاتىرىلىگەن. بەزىلەر ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى، ئىلىم ئالغان مەدرىسەسىنىڭ تەسىرىدە مەزھەپ تاللىغان بولسا، يەنە بەزىلەر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزى توغرا دەپ قارىغان مەزھەپنى تاللىغان. شافىئىي ئالىملىرىدىن قەففال شاشىي، ئەبۇ ئىسھاق ئىسپىرائىينى، ئەبۇ ئەلى سىنجىي قاتارلىق ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئىمام شافىئىيغا تەقلىد قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىمام شافىئىينىڭ فىقھى مېتودى، پەتىۋالىرى ۋە فىقھى ھۆكۈملىرىنى ئەڭ توغرا دەپ قارىغانلىقى ھەمدە ئىجتىھاد مېتودى، فىقھى قاراشلىرى ئىمام شافىئىينىڭكى بىلەن بىر يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن شافىئىي مەزھەپكە مەنسۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىغان.[20]

ئۆلىمالار مەيلى ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بولسۇن ياكى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى، ئىلىم ئالغان مەدرىسەسى سەۋەبلىك تەقلىد قىلىپ مەزھەپ تاللىغان بولسۇن، ئەسرى سائادەتتە شەكىللەنگەن مەزھەپلەرگە ئەگىشىشنى توغرا دەپ قارىغان. ھەممىگە مەلۇمكى، مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى بولسۇن ياكى تەرەققىي قىلىش، مۇقىملىنىش

(20) ئىمام نەۋەۋىي: «آداب الفتوى والمفتي والمستفتي»، تەھقىقلىغۇچى: ۋەلىيۇددىن ئىبنى مۇھەممەد سالىھ فەرفۇر، «فەرفۇر» نەشرىياتى، 2017-يىلى، 1-باسما، 71-72-بەت.

باسقۇچى بولسۇن، مۇنازىرىسىز، تالاش-تارتىشسىز، ئىلمىي پىكىر ئالماشتۇرۇشسىز تاماملانغان ئەمەس. هەربىر باسقۇچ تالاي مۇنازىرە، ئىلمىي سۆھبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. كېيىنكى ئالىملار مەسىلىلەرنى تالاي فىقھشۇناس، هەدىسشۇناسلارنىڭ تەستىقلىشى، تەتقىق قىلىشىدىن ئۆتكەن ئۇسۇل-قائىدىلەر بويىچە هەل قىلىشنى ئاقىلانىلىك دەپ بىلگەن. ئىشنى يېڭىدىن باشلاشنىڭ هاجىتى يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقان. يېڭى مەسىلىلەرنى سەلەف-سالىهلار چۈشەنچىسى ئۇستىگە قۇرۇلغان ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلمى ۋە فىقھى قائىدىلەرنىڭ روهى بويىچە هەل قىلغان. شۇ ئارقىلىق دىنىي سەلەفلەر چۈشەنچىسى بىلەن چۈشىنىش كۆنىمىزگىچە داۋاملاشقان. تارىختىن بىرى هېچبىر كاتتا ئالىم ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا هەنەفىي، مالىكىي، شافىئىي،هەنبەلىي دېگەندەك ئىسىملارنى قوشۇشنى نومۇس بىلمىگەن ۋە رەت قىلمىغان. پەرقلىق قاراشلىرى بولسا، دەلىلى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان، دەلىلى كۈچلۈك، سۆزى هەق بولسا، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. قوبۇل قىلىنمىسا، شۇ ئالىمنىڭ قارىشى بولۇپ قېلىۋەرگەن. ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالغان كىشى هىجرىيە تۆتىنچى ئەسىردىن كېيىن كەلگەن كاتتا فىقهشۇناسلار، هەدىسشۇناسلار، تەپسىرشۇناسلار، قوماندانلار، ئىسلاھاتچىلارنىڭ هەممىسىنىڭ مەلۇم مەزهەپكە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. چۈنكى مەزهەپ قۇرئان، هەدىس، ئۇسۇلۇل فىقهى، فىقهى قائىدىلەر، تىل ئىلمى قاتارلىقلار ئۇستىگە قۇرۇلغان. بۇلارنىڭ هەممىسى ساهابىلەر ۋە تابىئىنلار زىهنىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئىماملار ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى دەۋرىدە سىستېمىلاشقان. تۆت ئىمامنىڭ قاراشلىرى ئۈممەتكە مۇتەۋاتىر شەكىلدە يېتىپ كەلگەن. هەنەفىي مەزهىپىگە قارايدىغان بولساق، ئەبۇ هەنىيفە 40 شاگىرتى بىلەن ئولتۇرۇپ ئىبنى مەسئۇد، ئەلىي رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ قاتارلىق ساهابىلەر ۋە ئەلقەمە، ئىبراهىم قاتارلىق تابىئىنلاردىن مىراس قالغان ئىلىملەرنى تەھرىرلىگەن، تەتقىق قىلغان، قائىدە-پىرىنسىپلارنى بېكىتكەن. بۇلارنىڭ شاگىرتلىرى ئۇستازلىرىنىڭ قاراشلىرىنى قوغداش، مۇهاپىزەت قىلىشتا شۇنچىلىك ئەستايىدىل بولغانكى، رىۋايەت جەهەتتىن ئىشەنچلىك، مۇتەۋاتىر بولغانلىرىنىلا مەزهەپ قارىشى، دەپ بېكىتكەن. ئىمام ئەبۇ هەنىيفىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ هەنىيفىگە ئۇزۇن مەزگىل هەمراه بولغان، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئەبۇ يۇسۇف، مۇهەممەدلەرنىڭ رىۋايەت ۋە كىتابلىرى ئارىسىدىمۇ پەقەت مۇتەۋاتىر بولغانلىرىنىلا قوبۇل قىلغان. باشقىلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى بولسا مۇتەۋاتىر رىۋايەتلەرگەن زىت كەلمىگەن، قائىدە-پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇن بولۇش شەرتى بىلەن قوبۇل قىلغان. ئىمام مۇهەممەدنىڭ «ظاهر الرواية» ناملىق ئالتە كىتابىنى رىۋايەت جەهەتتە مۇتەۋاتىر بولغانلىقى ئۈچۈن مەزهەپنىڭ هۇلى، دەپ قارىغان.

ئەمما «الرقيات»، «الجرجانيات»، «الهارونيات» ناملىق كىتابلىرىنى بولسا سەنەدى مۇتەۋاتىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن شەرتلىك قوبۇل قىلغان. مالىكىي مەزھىپىمۇ شۇنداق. مالىكىيلارمۇ ئىمام مالىكنىڭ ئىبنى قاسىم، ئىبنى ھەبىب، ئەشھەب قاتارلىق چوڭ شاگىرتلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىنىلا ئاساس قىلغان. ئىبنى ئابدۇلھەكەم قاتارلىق شاگىرتلىرىنىڭ قاراشلىرىغا ئاز تايانغان. باشقا مەزھەپلەرمۇ ھەم شۇنداق. ئىمام ئىبنى رەجەب ھەنبەلىي مۇنداق دەيدۇ: «بىز تۆت ئىمامدىن باشقىلارغا ئەگىشىشتىن توسۇشنىڭ سەۋەبىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتۇق. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، باشقا ئىماملارنىڭ مەزھىپى كەڭ تارقالمىغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دېمىگەن گەپلەر ئۇلارغا نىسبەت بېرىلىپ قېلىشى ياكى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇلار كۆزدە تۇتمىغان مەنىلەر چۈشىنىلىپ قېلىشى مۇمكىن. تۆت ئىمامدىن باشقىلارنىڭ مەزھىپىنى قوغدايدىغان، سادىر بولغان خاتالىقلىرىنى ئەسكەرتىدىغان ئالىملىرى بولمىغان»[21].

ئەللامە ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «ئىماملارغا تەقلىد قىلىشنىڭ شەرتى شۇكى، ئۇنىڭ مەزھىپى خاتىرىلەنگەن، شەرت ۋە قائىدىلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇشتۇر»[22].

تارىختىن بېرى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىر-بىرىنى ئىنكار قىلمايدىغان، ئازغۇنلۇق، زالالەتكە نىسبەت بەرمەيدىغان، ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى يوللۇق ئىختىلاپ، چۈشەنچە ئىختىلاپى دەپ قارايدىغان، بىر-بىرىنى ئۆز مەزھەپداشلىرىدىنمۇ مۇداپىئە قىلىدىغان «ئەھلى سۈننەت مەزھەپلىرى» نامىدىكى تۆت فىقھى مەزھەپ ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلىقى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر. ئالىملار ئېيتقاندەك، تۆت مەزھەپنى ئىنكار قىلغان ۋە يوقاتماقچى بولغانلار تۆت مىڭ، تۆت مىليون مەزھەپ پەيدا قىلماقچى بولغانلاردۇر. ئىنسانلار ئارىسىدا چۈشەنچىلەرنىڭ پەرقلىق بولۇشى نورمال بىر ھادىسە بولغانىكەن، مەزھەپلەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ تەبىئىي ئەھۋالدۇر. «ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيەسى»نىڭ ھىجرىيە 1408-يىلى 2-ئاينىڭ 8-كۈنى مەككە مۇكەررەمەدە ئېچىلغان 10-قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا تۆۋەندىكىلەرنى قارار قىلغان: «فىقھى ئىختىلاپ دىنىمىزدىكى كەمچىلىك ۋە زىتلىق ئەمەس. فىقھى ئىختىلاپنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. فىقھى ۋە ئىجتىھاد ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇكەممەل شەرىئەت تۈزۈمىگە ئىگە ھەر قانداق ئۈممەتتە ئىجتىھادىي فىقھى ئىختىلاپلار بولىدۇ... بۇ ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە رەھمىتىدۇر. شۇنداقلا بۈيۈك قانۇن بايلىقىدۇر، مۇسۇلمانلار پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئارتۇقچىلىقتۇر... بۈگۈنكى كۈندە بىر ئۈچۈم كىشىلەر

(21) ئىبنى رەجەب: «الرد على من اتبع غير المذاهب الأربعة» (تۆت مەزھەپتىن غەيرىيگە ئەگەشكەنلەرگە رەددىيە)، «مركز المربي» نەشرىياتى، 2016-يىلى، 1-باسما، 32-بەت.

(22) شىھابۇددىن مەھمۇد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلھۇسەينىي ئەل ئالۇسىي (ت: 1270ھ-): «روح المعاني في تفسير القرآن العظيم والسبع المثاني»، «دار الكتب العلمية» نەشرىياتى-بېيرۇت، 1415ھ يىل، 1-باسما، 7-توم، 387-بەت.

مەزھەپلەرنى چۈرۈپ تاشلاشقا چاقىرماقتا، كىشىلەرنى يېڭى بىر يۆنىلىشكە بۇراشقا ئۇرۇنماقتا، مەۋجۇت مەزھەپلەرگە ۋە ئىماملىرىغا ياكى ئىماملىرىنىڭ بەزىسىگە تەنە قىلماقتا. بىزنىڭ فىقھى مەزھەپلەر، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مەزھەپ ئىماملىرى ھەققىدىكى يۇقىرىقى بايانىمىز مەركىزى كىشىلەرنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇۋاتقان، سېپىنى بۆلۈۋاتقان، ئىسلام دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن كېلىۋاتقان ئېغىر خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىرلىككە جىددىي موھتاج بولۇۋاتقان پەيتىمىزدە مۇسۇلمانلار بىرلىكىنى بۇزىدىغان خاتا يولدىن ياندۇرۇشقا يېتەرلىك. بىز مۇسۇلمانلار بىرلىكىنى بۇزىدىغان بۇنداق ئورۇنسىز چاقىرىقلارغا قارشى تۇرۇشتىن بەكرەك، دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشقا موھتاجمىز».

ئىمام سۇيۇتىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭ! ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى، بۇ ئۇممەتتىكى مەزھەپ ئىختىلاپى بۈيۈك نېمەت، كاتتا پەزىلەتتۇر. بۇنىڭدا شۇنداق بىر نازۇك سىر باركى، ئۇنى بىلگەنلەر بىلىدۇ، نادانلارنىڭ كۆزى بۇنى كۆرەلمەيدۇ. ھەتتاكى بىر قىسىم نادانلاردىن ئاڭلىدىمكى: پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەن دىن بىر تۇرسا، تۆت مەزھەپ نەدىن كەلدى؟!»[23].

نەدىن كېلەتتى؟ چۈشەنچە پەرقى ۋە مېتود پەرقى قاتارلىقلاردىن كېلىدۇ.

تارىختا مەزھەپ ئالىملىرى ئارىسىدا ساناقسىز مۇنازىرىلەر بولغان، بىر-بىرىگە رەددىيە كىتابلىرى يېزىلغان، لېكىن بىر-بىرىنى ئازغۇن دېيىشمىگەن. ھەتتاكى ئالىملار بىر مەزھەپ تارقالغان، خەلقى بىر مەزھەپ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان رايونغا يات مەزھەپ تارقىتىپ، ئىتتىپاق خەلقنى پارچىلاشقا، يۇرت ئەھلىنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشقا قارشى تۇرغان.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: شەيخ مۇھەممەد ئىبنى يەھيا ماڭا قازى ئەبۇ يەئلانىڭ بىر ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن. بىر فەقىھ ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىپىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قازى ئەبۇ يەئلانىڭ يېنىغا كېلىدۇ. قازى ئۇنىڭ يۇرتىنى سورايدۇ. فەقىھ يۇرتىنى دەپ بېرىدۇ. قازى:

- سېنىڭ يۇرتداشلىرىڭنىڭ ھەممىسى شافىئىي مەزھەپ ئۆگىنىدۇ، نېمە ئۈچۈن سەن شافىئىي مەزھەپنى تاشلاپ، بىزنىڭ مەزھىپىمىزگە كىرمەكچى بولدۇڭ؟... ئۇنداق قىلىشىڭ توغرا ئەمەس. سەن ھەنبەلىي مەزھەپتە، قەۋم-قېرىنداشلىرىڭ شافىئىي مەزھەپتە بولسا، ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە (شافىئىي مەزھىپى بىلەن) ئىبادەت قىلىدىغان ۋە مەسىلىلەرنى بىرگە مۇلاھىزە قىلىدىغان كىشى تاپالمايسەن. يۇرت ئەھلى ئارىسىغا خۇسۇمەت، تەپرىقە ئۇرۇقىنى چاچىسەن. قەۋم-قېرىنداشلىرىڭ شافىئىي مەزھەپتە بولغانىكەن، سېنىڭمۇ شافىئىي مەزھەپتە قالغىنىڭ ياخشى،- دەيدۇ ۋە ئۇنى شەيخ ئەبۇ ئىسھاققا تۇتۇپ بېرىدۇ. ئەبۇ ئىسھاق: باش ئۈستىگە،-دەپ قوبۇل قىلىدۇ، فەقىھلەرنىڭ بېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل

(23) جالالىددىن سۇيۇتىي: «جزيل المواهب في اختلاف المذاهب»، «الاعتصام» نەشرىياتى، 25-بەت.

بۆلىدۇ[24].

قەدىمقى ئۆلىمالىرىمىز مەزھەپلەر ئىختىلاپى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ياخشى چۈشەنگەن، مۇسۇلمانلار بىرلىكىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. مەزھەپ ئالىملىرى ئارىسىدىكى ئىلمىي مۇنازىرە، رەددىيەلەر ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم تىلى قاتتىق، مىجەزى چۇس ئالىملارنى ھېساپقا ئالمىغاندا-ئىنساپ، ئادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. ھەر بىرى قارىشى تەرەپنى چىمدىۋالماستىن، چېقىۋالماستىن ئۆز مەزھىپىنى دەلىللىرى ئارقىلىق كۈچلەندۈرگەن. مۆتىۋەر ھەنەفىي كىتابلىرىدىن «الهداية»، «بدائع الصنائع»، «حاشية ابن عابدين» ۋە «شرح الوقاية»، شافىئىي مەزھىپىنىڭ مۆتىۋەر كىتابلىرىدىن ئىمام نەۋەۋىي «المجموع»، ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ مۆتىۋەر كىتابى «المغني» قاتارلىقلارنى ۋاراقلاپ باققانلار مەزھەپ ئالىملىرى ئارىسىدىكى مۇنازىرە، رەددىيەلەرنىڭ نەقەدەر ئىنساپ، ئىلمىيلىك ئۇستىگە قۇرۇلغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. ئەھلى سۈننەت مەزھەپلىرى مۇناسىۋىتىنى دۈشمەنلەرچە مۇناسىۋەت قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلار، مىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئىسلام تارىخىدا بىر نەچچە قېتىم يۈز بەرگەن بىرەر مەھەللە ياكى بىرەر جامائەت ئارىسىدىكى مەزھەپ توقۇنۇشلىرىنى لوپا ئەينەكتە يوغىنىتىپ، بىر-ئىككى ئالىم ئارىسىدىكى توقۇنۇش، سەلبىي مۇناسىۋەتلەرنى بىر پۈتۈن فىقھى تارىخى، ئىسلام تارىخىدىكى مەزھەپلەر مۇناسىۋىتنى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقانلار، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى، خارلىقتا قېلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەزھەپلەر زىممىسىگە ئارتىپ قويماقچى بولغانلار بىزنى قىممەتلىك فىقھى بايلىقلىرىمىزدىن ئايرىماقچى، ھەق يولدىن تايدۇرماقچى بولغانلاردۇر. تارىخ كىتابلىرىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن مەزھەپ ئالىملىرى ئارىسىدىكى بىر نەچچە سەلبىي ۋەقەلىكلەرنى تويلاپ، «مەزھەپلەرنىڭ جىنايىتى» نامىدا كىتاب يېزىۋاتقانلار غەرەزلىك كىشىلەردۇر. تارىخ كىتابلىرى گوگۇل مىسالىدۇر. گوگۇلدىن ھەر نەرسىنى تاپقىلى بولغاندەك، تارىخ كىتابلىرىدىنمۇ ئىزدىسە، ھەر نەرسە چىقىدۇ. مەسىلەن: گوگۇلغا «يېتەكچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىسى» دەپ باسسىڭىز، بىر نەچچە توم كىتاب بولغىدەك ۋەقەلىكلەرنى تېپىپ بېرىشى مۇمكىن. بۇنى كىتاب قىلىپ چىقارسىڭىز، ئوقۇغان كىشى ئاسپىرانت-يېتەكچى مۇناسىۋىتى شۇنداق قاباھەتلىك مۇناسىۋەت ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما رېئاللىق ئۇنىڭ ئەكسىچە. يېتەكچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئاسپىرانتلارنىڭ نىسبىتى يۈز مىڭ، مىليوندىن بىرگە يەتمەيدۇ. ئاسپىرانت-يېتەكچى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆپ ھاللاردا ياخشى ھەم ئىجابىي مۇناسىۋەت بولىدۇ. ھەتتاكى نۇرغۇن گۈزەل مۇناسىۋەتلەرگىمۇ شاھىت بولماقتىمىز. مەزھەپلەر ۋە مەزھەپ ئالىملىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئەنە شۇنداق. بۇنى

(24) ئىبنى تەيمىيە، ئاتىسى ۋە بوۋىسى: «المسودة في أصول الفقه»، «دار الكتاب العربي» نەشرىياتى، 541-542بەت.

ئۈچ مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ ئەبۇ ھەنىيفە ھەققىدە يازغان كىتابلىرىغا قارىسىڭىزلا بىلەلەيسىز.

## «مەزھەپ» سۆزىنىڭ تەبىرى

مەزھەپ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يول، مېتود، مەسلەك، كۆز قاراش، نەزەرىيە، ئىزىم قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە. مەزھەپ سۆزى تىلىمىزغىمۇ ئۆز پېتى سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلانغان. خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئاددىي بىر مۇسۇلمانمۇ مەزھەپ سۆزىنىڭ مەنىسىنى بىلىدۇ. قەدىمدىن بېرى ھەرقانداق بىر كىشىدىن سىز كىمنىڭ مەزھىپىدە دەپ سورالسا، مەزھەپ سۆزىنىڭ مەنىسىنى دەررۇ چۈشىنىپ يېتىپ: «مەن ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھىپىدە» دەپ جاۋاب بېرەتتى. مەزھەپ سۆزىنىڭ ئىستىلاھ مەنىسىمۇ خەلقىمىز چۈشەنگەندىن پەرقلىق ئەمەس.

ئۆلىمالار مەزھەپ سۆزىگە ھەرخىل تەبىرلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، بۇ تەبىرلەر ئارىسىدا مەنە جەھەتتە كۆپ پەرق يوق.

مەزھەپ مەلۇم شەخس ياكى گۇرۇپپا تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ياكى رەتلىنىپ، سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، بەلگىلىك ئۆزگىچىلىككە ۋە ئەگەشكۈچىگە ئىگە ئېتىقاد، سۇلۇك، نەزەرىيە، ئەھكام مېتودى ۋە سىستېمىسىدۇر.

پالانى مەزھەپ دېيىش ئۈچۈن ئۇنى باشقىلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان مۇكەممەل، سىستېمىلىق نەزەرىيەسى، قائىدە-پرىنسىپلىرى، مۇھاپىزەت قىلىدىغان قوغدىغۇچىلىرى، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرى بولۇشى لازىم.

يۇقىرىقى تەبىرىمىزنى ھەنەفىي مەزھىپىگە تەتبىقلىساق، ھەنەفىي مەزھىپى ئەبۇ ھەنىيفە ۋە شاگىرتلىرى تەرىپىدىن رەتلەنگەن، قېلىپ چىقىلغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان، ئۆزگىچە نەزەرىيە، فىقھى ئۇسۇلى ۋە مېتودىغا ئىگە، تارىختىن بېرى تالاي فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس، تىلشۇناس، تەفسىرشۇناس ئالىملار تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، مۇھاپىزەت قىلىنغان، قوغدالغان، سان-ساناقسىز، ھەددى-ھېسابسىز ئەگەشكۈچىگە ئىگە، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان مەزھەپتۇر. بۇ سۆزلىرىمىز باشقا مەزھەپلەرگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىمام قەرافىي مالىكىي مەزھىپىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «مالىكنىڭ مەزھىپى مالىكقا خاس بولغان شاخچە ئىجتىھادىي ئەھكاملار، ھۆكۈم سەۋەبلىرى، شەرتلىرى، چەكلىمىلىرى ۋە ئۇلارنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ»[25].

شەيخ دەردىر مۇنداق دەيدۇ: «مالىكنىڭ مەزھىپى مالىك ئىجتىھاد ئارقىلىق يەتكەن ئىجتىھادىي ئەھكاملارنى كۆرسىتىدۇ»[26].

(25) ئەھمەد ئىبنى ئىدرىس قەرافىي: «الإحكام في تمييز الفتاوى عن الأحكام»،تەھقىقلىغۇچى: ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇ غۇددە،«مكتبة المطبوعات الإسلامية» نەشرىياتى، سۇرىيە-ھەلەب، 1967-يىل نەشرى، 220-بەت.

(26) مۇھەممەد ئەرەفە ئەددۇسۇقىي: «حاشية الدسوقي على الشرح الكبير»،«إحياء الكتب العربية» نەشرىياتى، 1-توم، 19-بەت.

شەيخ ساۋى مۇنداق دەيدۇ: «مالىكىنىڭ مەزھىپى ئىمام مالىك توغرا دەپ قارىغان ئىجتىھادىي ھۆكۈملەرنى كۆرسىتىدۇ»[27].

يۇقىرىقى مالىكىي مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ تەبىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، فىقھى ئىستىلاھتىكى مەزھەپنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئىجتىھادىي، شاخچە ھۆكۈملەردۇر. قەتئىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان، مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن تاھارەتنىڭ، بەش ۋاخ نامازنىڭ پەرزلىكى، بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت، پېشىنىنىڭ تۆت رەكئەتلىكى، رامىزان روزىسىنىڭ پەرزلىكى، زىنا، ئوغرىلىق، ھاراق، قىمارنىڭ ھاراملىقى دېگەندەك ئىختىلاپسىز مەسىلىلەر، كۈن قايرىلسا پېشىنىنىڭ ۋاقتى كىرىشى، رامىزان ئېيىنى كۆرۈپ روزا تۇتۇش، زاكاتنىڭ ۋاجىپ بولۇشى ئۈچۈن مال-مۈلۈكنىڭ نىساپ (ئۆلچەمگە)قا يېتىشى، يىل توشۇشى دېگەندەك قەتئىي دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان ۋە بىرلىككە كېلىنگەن شەرتلەر، ھەيزنىڭ ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇشتىن چەكلىشى دېگەندەك تۇسقۇچىلار بىرەر كىشىنىڭ مەزھىپى دېيىلمەيدۇ. ئەمما تاھارەت ۋە نامازنىڭ پەرزلىرى، ۋىترىنىڭ ۋاجىپ ياكى سۈننەتلىكى دېگەندەك ئىختىلاپىي مەسىلىلەر مەزھەپلەرگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ.

مالىكىي مەزھىپىدىكى مەزھەپ تەبىرى باشقا مەزھەپلەرگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ تەبىرلىرىنى سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

ھاسىلكالام، فىقھىي مەزھەپ تەپسىلىي شەرئىي دەلىللەردىن فىقھىي ئەھكاملارنى چىقىرىشتا «مۇجتەھىد مۇتلەق» ئىمام قوللانغان، شاگىرتلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى داۋاملاشتۇرغان فىقھى ئەھكاملارنى بىلىش يولىدۇر.

فىقھىي مەزھەپ ئىلمىي ۋە تەقۋادارلىقتا كامالەتكە يەتكەن، دەۋرداشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلىپ ئەگەشكۈچى توپلىيالىغان «مۇجتەھىد مۇتلەق» تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ياكى رەتلىنىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن، سىستېمىلىق فىقھ مېتودى (ئۇسۇلۇل فىقھى) ۋە قائىدىلىرى (ئەلقەۋائىدۇل فىقھىييە)غا ئىگە، فىقھى بابلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە مۆتىۋەر فىقھى كىتابلىرى، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئالىملىرى بولغان بىر پۈتۈن، سىستېمىلىق فىقھى يولنى كۆرسىتىدۇ.

مەزھەپ تۇتۇش چوڭ-كىچىك، توڭ-پىششىق ھەممە مەسىلىدە ئىمامىغا ئەگىشىش، ئىمامىنىڭ سىزىقىدىن چىقماسلىق دېگەنلىك ئەمەس. ئىجتىھاد قوراللىرىنى ھازىرلىغان ئالىمنىڭ بىر قىسىم مەسىلىلەردە ئىمامىغا ۋە مەزھىپىگە قارىشى چىقىشى ئۇنى مەزھەپتىن

(27) ئەھمەد ساۋى: «حاشية أحمد الصاوي على الشرح الصغير»، «دار المعارف» نەشرىياتى-مىسىر، 1-توم، 16-بەت.

چىقىرىۋەتمەيدۇ. ھەنەفىي ئالىملىرىدىن ئىمام تەھاۋىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئۇبەيد ئىبنى ھەربەۋەيھ بىر قىسىم مەسىلىلەرنى مەن بىلەن مۇزاكىرە قىلاتتى. بىر كۈنى بىر مەسىلىگە جاۋاب بەرسەم:

-بۇ ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشى ئەمەس،-دېدى. مەن:

-ئى قازى! ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەممە سۆزىگە ئەگىشىشىم كېرەكمۇ؟-دېدىم. ئۇ:

-مەن سېنى (ھەر ئىشتا) تەقلىد قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتىم،-دېدى. مەن:

-مۇتەئەسسىپ كىشىلا تەقلىد قىلىدۇ،-دېدىم. ئۇ:

-ياكى دۆت كىشى تەقلىد قىلىدۇ،-دېدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ سۆزى پۈتۈن مىسىرغا پۇركېتىپ، ماقال-تەمسىلگە ئايلاندى»[28].

دېمەك، ھەر مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ ئىمامىغا قارىشى پىكىرلىرى بولىدۇ، ئەمما بۇ قاراشلار شۇ ئالىملارنىڭ «ئىختىياراتلىرى» (توغرىلىقىغا قانائەت قىلىپ تاللىغان قاراشلىرى) بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، ھەتتاكى بۇ ئىختىياراتلار كېيىنكى مەزھەپ ئالىملىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ قالسا، ئىمامنىڭ قارىشى بىر ياندا قېلىپ، مەزھەپ قارىشى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ھەر مەزھەپتە مەزھەپ ئىمامىدىن بىر نەچچە رىۋايەت كەلگەن ياكى ئىمام بىلەن شاگىرتلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن مەسىلىلەردە كېيىنكى مۆتىۋەر ئالىملارنىڭ تاللاش، كۈچلەندۈرۈشلىرى ئاساس قىلىنىدۇ.

## «مەزھەپچىلىك»نىڭ تەبىرى

مەزھەپ سۆزىنى چۈشەنگەن كىشى مەزھەپچىلىك سۆزىنىمۇ ئاسانلا چۈشىنەلەيدۇ. مەزھەپچىلىك مەلۇم ئىمام ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات مېتودىنى قوبۇل قىلغان ئالىملار تەرىپىدىن شەكىللەنگەن ئىلمىي يولغا ئەگىشىشتۇر.

يۇقىرىقى سۆزىمىزدىن چىقىپ تۇرىدۇكى، فىقھ ئىلمىدە كۆزدە تۇتۇلغان مەزھەپچىلىك ياكى مەزھەپ تۇتۇش ئىمامنىڭ قاراشلىرىنىلا تۇتۇش بولماستىن، بەلكى مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ ئىمامنىڭ مېتودىغا ئاساسلىنىپ چىقارغان قاراشلىرىنىمۇ تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ.

مەزھەپ تۇتۇش ئۇسۇل (ئۇسۇلۇل فىقھى، فىقھىي قائىدە) ۋە فۇرۇئ (فىقھىي مەسىلىلەر)دە تۆت مەزھەپنىڭ بىرىگە تەۋەلىك بىلدۈرۈشتۇر.

ھەر قانداق ئىلىم، مەزھەپ، ئېقىم ياكى ئىزملار ئۇشتۇمتۇت ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. شۇنداقلا پەيدا بولۇشىدىلا مۇكەممەل، بىر پۈتۈن ھالەتتە پەيدا بولمايدۇ. ئىنسان ھامىلە باسقۇچى، تۇغۇلۇش باسقۇچى، ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچى، بالاغەتكە يېتىش مەزگىلى، نەۋقىرانلىق دەۋرى قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەندەك، مەزھەپ، ئېقىم،

(28) ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي: «رفع الإصر عن قضاة مصر»، 1-توم، 120-بەت.

ئىزملارمۇ شەكىللىنىش، توپلىنىش، مۇقىملىشىش، پىشىپ يېتىلىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بەزى ئىنسانلار تولغاق باسقۇچىدا، بەزىلىرى تۇغۇلۇش باسقۇچىدا، بەزىلىرى ئۆسمۈرلۈك باسقۇچىدا ۋاپات بولغانغا ئوخشاش، بىر قىسىم مەزھەپ، ئىقىم، ئىزملارمۇ ھەر قايسى ھايات باسقۇچلىرىدا قازا قىلىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. شەكىللىنىش، توپلىنىش، مۇقىملىشىش، پىشىپ يېتىلىش باسقۇچلىرىنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتكەن مەزھەپلەر ساقلىنىپ قالىدۇ. ئىسلام تارىخىدا نۇرغۇن فىقھىي مەزھەپلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ، بوران-چاپقۇنلۇق ھايات باسقۇچلىرىنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتۈپ ساقلىنىپ قالغىنى تۆت مەزھەپتۇر. ئىمامالار دەۋرى شەكىللىنىش باسقۇچىنى، شاگىرتلىرى دەۋرى توپلىنىش، خاتىرىلىنىش باسقۇچىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچ مۇقىملىشىش باسقۇچىنى، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى ئۇسۇلۇل فىقھى ئىلمى، قائىدە فىقھى ئىلىملىرى مۇكەممەل رەتلەنگەن، مۆتىۋەر فىقھى مۇتۇن (فىقھىنىڭ ئاساسىي، چوڭ مەسىلىلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان، ئىخچام كىتابلار) يېزىلغان دەۋر پىشىپ يېتىلىش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن مەزھەپلەر يۇقىرىقى باسقۇچلارنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتەلمەي ئۆچۈپ كەتكەن. مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشىدا ھەر باسقۇچ ئالىملىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىسىز مەزھەپلەرنىڭ ۋۇجۇد دەپتىرىگە بەقا (داۋاملىشىش) تامغىسى بېسىلمايدۇ.

مەزھەپ تۇتۇش مۇسۇلمانلارنىڭ قەدىمدىن بېرى تۇتۇپ كەلگەن يولىدۇر. ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم، قوماندان، سىياسىيونلارنىڭ ھەممىسى مەزھەپ تۇتقان. مەزھەپ تۇتۇش شاز قاراشلاردىن، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىشتىن، ئالدىغا كەلگەننى يەۋېرىشتىن، مۇخالىپلارغا خاتا تون پىچىشتىن ساقلايدۇ. مەزھەپتە مۇفرەداتلار (مەزھەپكە خاس قاراشلار) بولىدۇكى، شاز، يات قاراشلار بولمايدۇ. چۈنكى مەزھەپ سىستېمىلىق مېتود ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن شاز پىكىرلەرنى، يات قاراشلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. قايسى بىر مەزھەپ ئالىمى تەرىپىدىن شاز، يات پىكىرلەر چىققان ھامان مەزھەپتىكى باشقا ئالىملار تەرىپىدىن رەددىيە، ئېتىراز يېغىپ كېتىدۇ. ھەتتا ئاجىز قاراشلارمۇ دەرھال رەددىيەگە ئۇچرايدۇ. مەزھەپ ئىچىدىكى كاتتا ئالىملار كۈچلۈك قاراشلارنى ئاجىز قاراشلاردىن، پەتىۋا بېرىلىدىغان قاراشلارنى پەتىۋا بېرىلمەيدىغان قاراشلاردىن ھەر زامان ئايرىپ تۇرىدۇ. مەزھەپتە مۇخالىپلارغا مۇئامىلە قىلىشنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرىمۇ ناھايىتى ئېنىق بېكىتىلگەن بولىدۇ. مەزھەپلەر ئىجتىھادىي مەسىلىلەر توپەيلى قارشى تەرەپنى ئازغۇن، پاسىق دېگەن ناملار بىلەن ئاتىمايدۇ. ھەنەفىي مەزھىپىنى مىسال قىلساق، ھەنەفىيلەر پەرزلەرنىمۇ پەرز ئىلمىي ۋە پەرز ئەمەلىي (قەتئىي پەرز ۋە ئىجتىھادىي پەرز) دەپ ئىككىگە بۆلگەن بولۇپ، پەرز ئىلمىي (يەنى قەتئىي

پەرز)نى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ، ئىماندىن چىقىدۇ. ئەمما پەرز ئەمەلىي (ئىجتىھادىي پەرز)نى ئىنكار قىلغان كىشى ئۇنداق ئەمەس. ئەمەل، ئىبادەتنىڭ ئادا بولۇشى شۇ ئەمەل، ئىبادەتتىكى ئەمەلىي پەرزلەرنىڭ تولۇق ئادا قىلىنىشىغا قاراشلىق. ئۇلارنى ئادا قىلمىغان كىشىنىڭ ئەمەل، ئىبادىتى ئادا بولمايدۇ. مەسىلەن: باشقا مەسىھ قىلىش تاھارەتنىڭ قەتئىي پەرزى. بۇنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ. تۆتتىن بىرىگە مەسىھ قىلىش بولسا پەرز ئەمەلىيسىدۇر. باشنىڭ تۆتتىن بىرىدىن ئاز قىسمىغا مەسىھ قىلغان كىشىنىڭ تاھارىتى ھەنەفىي مەزھەپتە تاھارەت ھېسابلانمايدۇ. ئەمما تۆتتىن بىرىدىن ئازغا مەسىھ قىلسىمۇ مەسىھ پەرزى ئادا بولىدۇ، تاھارىتى تاھارەت بولىدۇ دەپ قارايدىغان شافىئىي مەزھەپتىكىلەر، باشنىڭ ھەممىسىگە مەسىھ قىلىش پەرز، ھەممىگە مەسىھ قىلمىسا تاھارەت بولمايدۇ دەپ قارايدىغان مالىكىي مەزھەپتىكىلەر ئازغۇن ياكى باشقا ناملار بىلەن ئاتالمايدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپ.

مەزھەپ تۇتۇش بىلەن تەقلىدچىلىك ئارىسىدا مەلۇم جەھەتتىن ئورتاقلىق بار. لېكىن تەقلىد سۆزىنىڭ مەنە دائىرىسى بىر قەدەر كەڭرەك. تەقلىدنىڭ دائىرىسى ئالىم ۋە ئاۋام ھەممىگە چېتىلىدۇ، ئەمما مەزھەپ تۇتۇش ئالىمغىلا خاس. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئاۋامنىڭ مەزھىپى بولمايدۇ. ئاۋامنىڭ مەزھىپى ئۆزى ئەگەشكەن ئالىمنىڭ مەزھىپىدۇر. چۈنكى مەزھەپ تۇتۇش مەزھەپنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يۇكسەك ئەقلىي ئىقتىدار، زېرەكلىك، ئالىي ھىممەت، تەقۋادارلىقنى مۇجەسسەملىگەن ئالىملار بىر ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۇرۇش، ئىزدىنىش ئارقىلىق شەكىللەندۇرگەن، ھەددى-ھېسابسىز ھەر ساھە ئالىملىرىنىڭ ئەقلى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ سەمەرىسى بولغان مەزھەپنى كاتتا ئالىملارنىڭ ئالدىدا تالاي يىللار ئوقۇغان، ئىزدەنگەن ئالىي ھىممەت ساھىبلىرىدىن باشقىلار بىلىپ بولالمايدۇ. مەزكۇر ماقالىمۇ فىقھىي نەزەرىيەگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئاۋام-خەلق تازا ياخشى چۈشىنىپ بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماقالىنى مەخسۇس شەرئىي ئىلىم تەھسىل قىلمىغانلار بولۇپمۇ فىقھى ساھەسىدە يىللاپ مەخسۇس ئىلىم ئالمىغانلار كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئوقۇپ قويۇپ ئالىجاناپلارچە ئۆتۈپ كەتكەي، چۈشەنگىنىنى چۈشەنگەي چۈشەنمىگىنىنى تاشلاپ قويغاي ياكى مەخسۇس ئىلىم تەھسىل قىلغانلاردىن سورىغاي. چۈنكى ماقالىنىڭ مۇخاتىبى ئۆلىمالاردۇر. ئاۋام-خەلق ئۆزىنىڭ چامى يېتىدىغان ئاددىي تېمىلار دائىرىسىدە بەھس قىلغاي، ئىنچىكە، مۇرەككەپ ئىلمىي تېمىلارغا كىرمىگەي، ھەر ئىشنى ئۆز ئەھلىگە قويغاي. ئىمام غەززالىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاۋام-خەلق ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇپ، ئىبادىتى ۋە تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولغاي، ئىلىمنى ئۆلىمالارغا قويغاي. تۇرۇك (يەنى ئىلىمسىز) كىشىنىڭ زىنا قىلغىنى، ئوغرىلىق قىلغىنى ئىلمىي تېمىلاردا

قالايمىقان جۈيلۈگىنىدىن ياخشىدۇر. چۈنكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ دىنى ھەققىدە مۇكەممەل ئىلىم تەھسىل قىلماستىن گەپ قىلغان كىشى ئۆزى سەزمەستىن كۇفرىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق كىشى سۇ ئۈزۈشنى بىلمەي تۇرۇپ دولقۇنلۇق دېڭىزغا ئۆزىنى ئاتقان كىشىگە ئوخشايدۇ»[29].

ئىمام غەززالىنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئەھلى ئىلىملەرگە خاس ئىنچىكە ئىلمىي مەسىلىلەردۇر. دىنىي يەتكۈزۈش ئۆلىمالارنىڭلا ۋەزىپىسى ئەمەس، ئاۋام-خەلقمۇ يەتكۈزسە، تارقاتسا بولىدىغان مەسىلىلەرمۇ ئىنتايىن كۆپ. لېكىن مۇھىم بولغىنى ئۆزىنىڭ ھەددىنى، پائالىيەت دائىرىسىنى بىلىشتۇر. ئاۋام-خەلقنىڭ ئۆلىمالارغا خاس ئىنچىكە، ئىلمىي تېمىلارغا قالايمىقان بۇرنىنى تىقىشى ئېغىر خاتالىقلارغا يول ئاچىدۇ. بۇنىڭ زىيىنىنى ئەقىدە ساھەسىدە كۆرۈۋاتىمىز. كۈنىمىزدە يامراۋاتقان تەكفىرچىلىك بۇنىڭ يارقىن شاھىتىدۇر.

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دەيدۇ: «تەقلىد-باشقىلارنىڭ سۆزىنى دەلىلىنى بىلمەستىن قوبۇل قىلىشتۇر»[30].

ئىبنى قۇدامەنىڭ يۇقىرىقى تەبىرىدىن ئايان بولىدۇكى، تەقلىد ئاۋام-خەلقنىڭ ئالىمنىڭ سۆزىنى دەلىلىنى سورۇشتۇرمەستىن قوبۇل قىلىشىنىمۇ، ئالىمنىڭ ئۆزىدىن ئىلىملىكلەرنىڭ سۆزلىرىنى دەلىلىنى سورىماستىن ياكى دەلىلىنى بىلمەي تۇرۇپ قوبۇل قىلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچكىم تەقلىد قىلىشتىن خالىي ئەمەس. ھەتتا ساھابىلەرمۇ ئۆزىدىن ئالىم ساھابىلەرغا تەقلىد قىلاتتى، ئەگىشەتتى. ئىبنى جەرىرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، كاتتا ساھابە ئىبنى مەسئۇدمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرى ئۈچۈن ئۆز پىكرى ۋە قاراشلىرىنى تەرك ئېتەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاراشلىرىغا خىلاپلىق قىلمايتتى، ئۆز قارىشىدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قارىشىغا قايتاتتى[31]. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا پۈتۈن ئىنسانلار بىر جىلغىدا ياكى بىر چىغىر يولدا، ئۆمەر باشقا بىر جىلغىدا ياكى باشقا بىر چىغىر يولدا ماڭسا، مەن ئۆمەر ماڭغان جىلغا، ئۆمەر ماڭغان يولدا ماڭغان بولاتتىم»[32]. يۇقىرىقى رىۋايەتتىن ساھابىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئىلىملىكلەرگە قانچىلىك ئەگىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «تەقلىد قىلىش جايىز ئەمەس، مەن دىندا ھېچ كىشىگە تەقلىد قىلمايمەن، دېيىش ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ نەزىرىدە پاسىقنىڭ

(29) ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەلغەززالى: «إحياء علوم الدين دار المعرفة»-بېيرۇت 3-توم، 36-بەت.

(30) مۇۋەپپەقۇددىن ئىبنى قۇدامە: «روضة الناظر وجنة المناظر في أصول الفقه على مذهب الإمام أحمد بن حنبل»، «مؤسسة الريّان» نەشرىياتى، 2002-يىل، 2-باسما، 2-توم، 381-بەت.

(31) ئىبنى قەييىم: «إعلام الموقعين عن رب العالمين»، 1-توم، 16-بەت.

(32) «مصنف ابن أبي شيبة»، «بامدات نامىزىدا قۇنۇت ئوقۇمايدىغان كىشى»نىڭ بابى، 6984-نومۇر.

سۆزىدۇر. ئۇ بۇ سۆزى ئارقىلىق ئەسىرلەر (ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرى) نى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى، ئىلىم ۋە سۈننەتنى ئىنكار قىلماقچى، ئۆز ئالدىغا پىكىر، ئەقىدە، بىدئەت، خاتا يول پەيدا قىلماقچىدۇر. «ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت ۋەلئەسەر مەزھىپى» دەپ ئاتالغان مەزھەپلەرنىڭ، فىقھىي قاراشلارنىڭ ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ساھىپلىرى بىز ھەدىس ۋە سۈننەت ئۆگەنگەن مەشھۇر، ئىشەنچلىك، راستچىل ئىلىم ساھىپلىرىدۇر. ئۇلارغا ئەگىشىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار بىدئەتچى، ئىختىلاپچى، ئازغۇن، ئازدۇرغۇچى كىشىلەر ئەمەس. بۇ ئۇلارنىڭ ئىماملىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقى ئۆلىمالارنىڭ سۆزىدۇر. بۇ سۆزنى چىڭ تۇتۇڭلار-ئاللاھ سىلەرگە رەھىم قىلسۇن!-ئۇنى ئۆگىنىڭلار ۋە ئۆگىتىڭلار، تەۋفىق ئاللاھتىندۇر»[33].

ئەبۇ ئەييۇب ھۇمەيد ئىبنى ئەھمەد ئەلبەسرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بىلەن بىر مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتاتتىم، بىر كىشى ئەھمەدكە:

-ئىي ئەبۇ ئابدۇللا! بۇ مەسىلىدە سەھىھ ھەدىس يوق،-دېدى.

ئەھمەد:

-سەھىھ ھەدىس بولمىسا شافىئىينىڭ سۆزى بار. شافىئىينىڭ سۆزى مېنىڭ قارىشىمدا ئەڭ كۈچلۈك

(33) قازى ئەبۇ يەئلا: «ھەنبەلىيلەر تەرجىمىھالى»، «مەرىپەت» نەشرىياتى-بېيرۇت، 1-توم، 31-بەت.

دەلىللەرنىڭ بىرى»[34].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ھەنىيفىنىڭ سۆزى دېمەي، ھەدىسنىڭ تەپسىرى دەڭلار»، «بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەبۇ ھەنىيفىنىڭ سۆزى ئەسەر(يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرى) يوق يەردە ئەسەرنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ»[35].

ئىسھاق ئىبنى راھەۋەيھ مۇنداق دەيدۇ: «سەۋرىي، ئەزائىي، مالىك بىرلىككە كەلگەن ئىش سۈننەتتۇر. مەن (زەھەبىي) دەيمەنكى، ... ئىسھاق كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلار بىرلىككە كەلگەن ئىش ھەق بولىدۇ دېمەكچى. بىزمۇ دەيمىزكى، تۆت ئىمام بىرلىككە كەلگەن ئىشنىڭ ئۇممەتنىڭ ئىجمائى ھېسابلانمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. لېكىن تۆت ئىجتىھاد ئىمامى بىردەك قارىشى تۇرغان ئىش ئاساسەن توغرا چىقمايدۇ. بىز ھەقىقەت تۆت ئىمام بىرلىككە كەلگەن ئىشنىڭ قارىشىسىدا دەپ جەزم قىلىشتىن تەپ تارتىمىز»[36].

(34) خەتىب باغدادىي: «تاريخ بغداد»، «دار الغرب الإسلامي» نەشرىياتى-بېيروت، 2002-يىل نەشرى، 1-باسما، 2-توم، 404-بەت؛ ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي: «تهذيب التهذيب»، ھ1326يىل نەشرى، 1-باسما، 9-توم، 28-بەت.

(35) فەقىھ ۋە مۇھەددىس ئىبنى ئەبلىئەۋۋام: «فضائل أبي حنيفةأخباره» 84-، 101-بەت؛ مۇھەددىس ۋە تارىخشۇناس مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈف سالىھىي شافىئىي: «عقود الجمان في مناقب الإمام الأعظم أبي حنيفة النعمان» 189-بەت.

(36) ئىمام زەھەبىي: «سير أعلام النبلاء»، «دار الحديث» نەشرىياتى-قاھىرە، 2006-يىل نەشرى، 6-توم، 547-بەت.

ئەللامە ئىبنى قەييىم «مۇجتەھىد مۇتلەق» ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ مۇجتەھىد مۇتلەقلىكى بەزىدە باشقىلارغا تەقلىد قىلىشى بىلەن زىتلاشمايدۇ. بەزى ئەھكاملاردا ئۆزىدىن ئالىم كىشىلەرگە تەقلىد قىلمايدىغان بىرمۇ ئىمامنى تاپالمايسىز. ئىمام شافىئىي رەھمەھۇللاھ «كىتابۇل ھەج»نىڭ بىر يېرىدە: مەن بۇنى ئەتاغا تەقلىد قىلىپ دېدىم،-دېگەن»[37].

«تەقلىد باشقىلارنىڭ سۆزىنى دەلىلىنى بىلمەستىن ئەگىشىش» دېگەن تەبىر بويىچە ئېيتقاندا، تەقلىدتىن كۈنىمىز ئەھلى ئىلىملىرىدىنمۇ ھېچ كىشى خالى ئەمەس. ھەدىس ساھەسىنى مىسالغا ئالساق، ھەدىسلەرگە سەھىھ، زەئىپ دەپ ھۆكۈم قىلىشمۇ ئىجتىھادىي مەسىلە. مەلۇم ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ياكى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولسا، سەھىھ دەپ قوبۇل قىلىش تارىختىن بېرى ئومۇملاشقان، مۇسۇلمانلار ئىككى ئىمام رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنى سەھىھ دەپ قوبۇل قىلىشتا بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى تەكشۈرۈشلەرمۇ ئىككى كىتابتىكى ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئىككى ئىمام رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولسىلا، سەھىھلىكىنى ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرمەستىن، «سەللەمنا» دەپ قول كۆتۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ تەقلىد. بۇ ھەدىسنى ئەلبانىي «سەھىھ» دېگەن دېيىشنىڭ ئۆزىمۇ تەقلىد. چۈنكى بۇمۇ باشقىلارنىڭ ھەدىسكە بەرگەن باھاسىنى تەكشۈرمەستىن قوبۇل قىلىشتۇر.

دىننى چۈشىنىشنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە-پرىنسىپلىرى بولىدۇ. كىمكى ئاشۇ قائىدە-پرىنسىپلارغا بويسۇنماستىن دىننى ئۆز ئالدىغا چۈشىنىمەن دەيدىكەن خاتالاشقان، ئازغان، خاتا يول پەيدا قىلىشقا ئورۇنغان بولىدۇ. دىنىمىز پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنىڭ بىۋاستە ئوبيېكتلىرى بولغان ساھابىلەر تەلەپنى لايىقىدا ئورۇنداپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن. ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەگىشىپ، «تابىئىنلار» «ئەگەشكۈچىلەر» نامىنى ئالغان. ئۇلاردىن كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن «تەبەئۇتتابىئىين» يەنى «ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى» دەپ ئاتالغان. مەزھەپ پېشۋالىرىدىن پەقەت ئەبۇ ھەنىفەلا تابىئىن، باشقىلىرى ئەنە شۇ «ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى»، يەنى تەبەئۇتتابىئىنلاردىندۇر. دىنىمىز بىزدىن ئەنە شۇ سەلەپلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمدىن بېرى كىتاب يازغان ئالىملىرىمىز كىتابىنى ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ساھابىلىرىگە، تابىئىنلارغا ۋە قىيامەتكىچە شۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرگە تىنچ-ئامانلىق ۋە رەھمەت تىلەش بىلەن باشلاپ

(37) ئىبنى قەييىم: «إعلام الموقعين عن رب العالمين»،4-توم، 162-بەت.

كەلگەن.

مەزھەپ تۇتۇش نوقۇل ھالەتتە ئەبۇ ھەنىفە، مالىك، شافىئىي، ئەھمەدلەرگە ئەگىشىش ئەمەس، بەلكى شۇلار ۋارىسلىق قىلغان، سەلەفلەر چۈشەنچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن يولغا ئەگىشىشتۇر.



«مىنىڭ مەزھىپىم بار» دېگەنلىك «قۇرئان، ھەدىسنى قېلىپلاشقان، سىستېمىلىق ئىلمىي يول بىلەن چۈشىنىمەن» دېگەنلىكتۇر. مەن «شافىئىي مەزھەپتە» دېگەنلىك «مەن قۇرئان، ھەدىسنى ئىمام شافىئىي، بەيھەقىي، غەززالىي، زەھەبىي، ئىبنى ھەجەر، سۇيۇتىي قاتارلىق كاتتا ئالىملار چۈشەنگەن يول ۋە مېتود بىلەن چۈشىنىمەن» دېگەنلىكتۇر. ھەنەفىي، مالىكىي، ھەنبەلىي مەزھەپلىرىمۇ شۇنداق. «مەزھىپىم يوق» دېگەنلىك «مەن تۇرۇك ياكى يول تاللىيالماي گاڭگىراپ قالغان كىشىمەن» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئاۋام-خەلقنىڭ مەزھىپى بولمايدۇ. ئاۋامنىڭ مەزھىپى مۇللىسىنىڭ مەزھىپىدۇر. چۈنكى مەزھەپ تۇتۇش مەزھەپنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆلىمالار «مەزھىپىم يوق» دېگەن كىشىنى فىقھى ئىلمىدىن خەۋەرسىز كىشى دەپ بىلەتتى. مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر داۋۇدىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى شاھىن[38] ئىشەنچلىك شەيخ ئىدى. كاتتا شەيخلارغا يېقىنلىشىپ قالاتتى. لېكىن ئۇ گىراماتىكىلىق خاتالىقلارنى كۆپ سادىر قىلاتتى، فىقھىنىڭ «ف»سىنىمۇ بىلمەيتتى. ئىمام شافىئىي قاتارلىق فىقھىشۇناسلارنىڭ مەزھەپلىرى تىلغا ئېلىنسا، مەن «مۇھەممەدنىڭ مەزھىپىدە» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزھىپىدە دېمەكچى) دەيتتى»[39]. ئىبنى شاھىن مىنىڭ مەزھىپىم يوق، يەنى، ئىمام شافىئىينىڭمۇ ۋە باشقا ئىماملارنىڭمۇ قۇرئان، ھەدىسنى چۈشىنىش مېتودىغا ئەگەشمەيمەن دېگەنلىكى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان.

داۋامى كېيىنكى ساندا...

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئابدۇراھمان جامال

(38) ئەبۇ ھەفس ئىبنى شاھىن. ئىشەنچلىك مۇھەددىس، مۇپەسسىر (ھ297-385). ھەدىس، تەپسىر ساھەلىرىدە ئەسەرلەرنى يازغان. مەشھۇر ئەسەرلىرى: «تفسير ابن شاهين»، «كتاب تاريخ أسماء الثقات» قاتارلىقلار.

(39) خەتىب باغدادىي: «تاريخ بغداد»، تەھقىقلىگۈچى: بەششار ئەۋۋاد مەئرۇف، «دار الغرب الإسلامي»-بېيرۇت، 2002-يىل، 1-نەشرى، 13-توم، 133-بەت.

# ئاشقۇنلۇقنىڭ سەۋەبلىرى ۋە كۆرۈنۈشلىرى



ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

## 1. ئاشقۇنلۇقنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى

ئاشقۇنلۇق ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دېگەن ئاللاھ بەندىلىرىگە كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا يولدىن پىكرى ۋە ئىستىلىي جەھەتتىن بۇرۇلۇپ كېتىش دېمەكتۇر. ئاشقۇنلۇق ئىللىتى ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە ساۋاب تېپىشنىيىتىدە شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتىن پەيدا بولىدۇ. ئاشقۇنلۇق ئىللىتى ئەقىدە، پىكىر،ئىبادەت، ياخشى كۆرۈش، ھالالنى ھارام قىلىش، كاپىرغا چىقىرىش ۋەئىش-ھەرىكەت قاتارلىقلارنىڭ ھەر قانداق بىرىدە تېپىلىدۇ.

ئاشقۇنلۇق ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى تەتبىقلاشتا ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا كەڭ يوللارنى تارايتىۋېتىشكە سەۋەب بولىدۇ. ھالبۇكى، شەرىئەت كەڭرى قويۇپ بەرگەن يوللارنى تارايتىۋېتىش ياكى ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن تەرەپلەرنى تەسلەشتۇرۇۋېتىش نەپلە ئىشنى دەپ بەزى پەرزلەرنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىگە ياكى شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاشتىن ئىچى سىقىلىشقا ئېلىپ باردۇ. نەتىجىدە ئاشقۇنلۇق قىلىشتىن پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشقا ياكى ئىسلام كۆرسەتمىلىرىدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ.

ئاشقۇنلۇق يەنە شەرىئەتنىڭ كەڭچىلىك روھىنى سىقىپ قويۇشقا، توغرا دىندارلىق روھىدىن چەتنەپ كېتىشكە ۋە خاتا قىلمىشلارغا ئېلىپ باردۇ. ئىختىيارىي ئىمان ئېيتىش ئۈستىگە قۇرۇلغان دىندارلىقنىڭ ماھىيىتىنى بۇزۇۋېتىدۇ. شەرىئەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىدا چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بىلەن زىتلىشىدۇ. شۇنىڭدەك ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازىنى سەتلەشتۇرۇۋېتىدۇ.

## 2. ئاشقۇنلۇقنىڭ تۈرلىرى

ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەر قانداق ئورۇندا ئەقىدىدە، پىكىردە، دۇنيا قاراشتا ۋە ئەمەلىي يۈرۈش-تۇرۇشتا ئوتتۇراھال يول تۇتۇش توغرا يولنىڭ ئۆلچىمىدۇر، توغرا دىندارلىق روھىدۇر. چۈنكى ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئاشقۇنلۇق پەيدا قىلىشتىن ۋە پاسسىپ مەيداندا تۇرۇشتىن ساقلايدىغان توغرا يولدۇر. ئاشقۇنلۇق ئەقىدە ئاشقۇنلۇقى ۋە

ئەمەلىي ئاشقۇنلۇق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئەقىدە ئاشقۇنلۇقى: ئەقىدە ئاشقۇنلۇقى ئىنسانىنىڭ ئەقىدىسى، پىكرى ۋە دۇنيا قارىشىدا پەيدا بولىدۇ. ئەقىدە ئاشقۇنلۇقىغا گىرىپتار بولغان كىشىلەر پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنىمۇ ئاڭلىمايدۇ، ھەتتا پەيغەمبەرنى ئادىل ئىش قىلمىدى دەپ قارايدۇ، ئىسلامنىڭ مەرھەمەتلىك ئىنسانپەرۋەر بىر دىن بولغانلىقىدىن ئىچى سىقىلىدۇ. شۇڭا، بۇ تۈردىكى كىشىلەر مۇسۇلمانلارنى يوقلاڭ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ ۋە بەزىلەرگە مۇرتەدلىك ھۆكمىنى چاپلايدۇ. قان ۋە مال-مۈلۈك مەسىلىگە سەل قارايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ بىلىمسىزلىكىگە قارىماي كىچىككىنە شۇبھە سەۋەبىدىن كىشىلەرنى ئۆلتۈرسە بولىدۇ دەپ پەتىۋا بېرىدۇ، تەكەببۇرلۇقىدىن ئۆزلىرىنى ئەۋلىيا دەپ قاراپ قالىدۇ[1].

ئەقىدە ئاشقۇنلۇقى توغرا يولدىن ياكى ئىسلامنىڭ ئوتتۇراھاللىق خۇسۇسىيىتىدىن چىقىرىۋېتىدىغان ئەڭ خەتەرلىك ئىللەتتۇر. چۈنكى بۇ ئىللەت ئاشقۇنلارنى ئالىملارنىڭ سۆزىنىمۇ تىڭشىمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇۋېتىدۇ، دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدۇ ۋە ئىچكى ئۇرۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

2) ئەمەلدىكى ئاشقۇنلۇق: ئەمەلىي ئاشقۇنلۇق يۈرۈش-تۇرۇشتا شەرىئەت كۆرسەتمىسىدىن ھالقىپ كېتىش ۋە شەرىئەت تەكلىپ قىلمىغان ئىشلارنى تەتبىقلاش نىيىتىدە شەرىئەتنىڭ كەڭچىلىكىنى تارايتىۋېتىشۇ تەسلەشتۇرۇۋېتىشتۇر.

ئەمەلىي ئاشقۇنلۇق ھەر كۈنى دېگۈدەك روزا تۇتۇش ياكى زاھىدلىق باھانىسى بىلەن دۇنيا ھاياتىدىن نورمال سەۋىيىدە بەھرىمەن بولۇشتىن ئۆزىنى مەھرۇم قىلىش ياكى ئۆرپ-ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇئەييەن رەڭدىكى كىيىمنى كىيىشنى ساۋاب بولىدۇ دەپ قاراشتىن ئىبارەت. بۇنى قىلغانلار كۆپ ساۋابقا ئېرىشىمىز دەپ قىلىدۇ. بۇ تۈردىكى ئەمەلىي ئاشقۇنلۇق ئىجتىمائىي ھاياتقا خەتەر ئېلىپ كەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا پەيغەمبەرىمىزنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدىكى كۆرسەتمىلىرىدىن يۈز ئۆرۈش ۋە ئۆزىگە جاپا يولىنى تاللىۋېلىش ئەھۋالى مەۋجۇد. بۇ ئەھۋال بەزىدە ئىبادەتتىن زېرىكىشكە ئېلىپ بارىدۇ، بەزىدە ئادەت خاراكتېرىدىكى ئىشنى ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا سەۋەب بولىدۇ.



## ئەمەلدىكى ئاشقۇنلۇقنىڭ مىساللىرى:

- دىنغا ئەمەل قىلىشتا ئۆزىگە قاتتىق يول تۇتۇش ۋە باشقىلارنىڭ

(1) دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار، «ئاشقۇنلۇق ئېقىمىنىڭ پارچىلىنىشى» 10-بەت.

يولنى تەسلەشتۇرۇۋېتىش.

-تەكەببۇرلۇق قىلىش ۋە مەغرۇرلىنىش.

-پىكرىي مۇستەبىتلىك قىلىش، باشقىلارنى نادانغا چىقىرىش.

-ھەق يولدىكى ئالىملارغا تەنە قىلىش.

-يامان گۇمان قىلىش.

-باشقىلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىش.

-كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش.

-مەكرۇھ ئىشنى ھارام دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېتىش، سۈننەت ئىشنى پەرز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېتىش قاتارلىقلار.

### 3. ئاشقۇنلۇقنىڭ كېلىپ چىقىش يىلتىزى

ئىسلام جەمئىيىتى ساھابىلەر دەۋرىدىن باشلاپلا ئاشقۇنلۇق ۋە ئاشقۇنلاردىن خالىي بولالمىغان. ئاشقۇنلۇقنىڭ بىر قىسمى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش تەرىپىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر قىسمى پاسسىپلىق قىلىش تەرىپىنى ئىپادىلىگەن.

ئىسلام تارىخىدا ئاشقۇنلۇقنىڭ يىلتىزى خاۋارىجلار ۋە شىئەلەر بىلەن باشلانغان، ھەر ئىككى ئېقىم ئاشقۇنلۇقتا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان يول تۇتۇپ ماڭغان بولسىمۇ،لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزى نۇقتىلاردا ئوخشاشلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت:

1) ھەر ئىككى ئېقىم ئاشقۇنلۇق يىلتىزىدا ئورتاقلىشىدۇ. خاۋارىجلارنىڭ ئاشقۇنلۇقى ئەقىدىدە، سىياسەتتە، تەبەررادا (بىزارلىق) ۋە باشقا پىكىردىكىلەرگە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇش، كاپىرغا چىقىرىش، ئىسيان چىقىرىش ۋە ئۇرۇش قىلىشتا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەمما شىئەلەرنىڭ ئاشقۇنلۇقى ئىماملىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ۋە مەسۇملاشتۇرۇشتا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

2) ساھابىلەر توغرىسىدىكى ئېتىقاد بۇزۇقلۇقى. مەسىلەن خاۋارىجلار ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى ئوسمان، مۇئاۋىيە، ئەبۇ مۇسا، ئەمرۇ ئىبنى ئاس ۋە سىففىين جېڭىگە قاتناشقان كۆپلىگەن ساھابىلەرنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ. ئەمما شىئەلەر ئازغىنا ساھابىلەردىن باشقىلارنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ.

3) خاۋارىجلار بىلەن شىئەلەرنىڭ كاپىرغا چىقىرىش ئاساسلىرى ۋە سەۋەبلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە ئوخشاش يول تۇتمىغانلارنى كاپىرغا چىقىرىشتا ئورتاق. مەسىلەن، خاۋارىجلار تەھكىم مەسىلىسىنى قوبۇل قىلغان بەزى ساھابىلەرنى كاپىرغا چىقارغان، چوڭ گۇناھ قىلىپ سالغانلارنى كاپىرغا چىقارغان، ئۆزلىرىنىڭ سېپىغا قوشۇلمىغان باشقا پىكىردىكى مۇسۇلمانلارنى سىياسىي پوزىتسىيە سەۋەبىدىن كاپىرغا چىقىرىۋەتكەن.

ئەمما شىئەلەر كۆپلىگەن ساھابىلەرنى كاپىرغا چىقىرىۋەتكەن،

ئازغىنىسىدىن باشقا ساھابىلەرنى مۇرتەد دەپ قارىغان. ئۇنىڭدىن سىرت مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى ۋە ئاۋاملىرىنىمۇ كاپىر دەپ قارىغان.

4) ئاشقۇنلۇق ئىللىتى يۇقىرىقى ئىككى ئېقىمدىن باشقا يەنە بىر قىسىم تەسەۋۋۇپ تەرىقەتلىرىدىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، بىر قىسىم سوپىلار ئاخىرەت ئۈچۈن دۇنيانى تەرك ئەتكەن، روھنى تازىلاش باھانىسىدە ماددىي تەرەپكە سەل قارىغان. نەتىجىدە ئىسلامنىڭ ئوتتۇراھاللىق يولىدىن چەتنەپ دۇنيادىن، سىياسەتتىن ۋە دۆلەت ئىشلىرىدىن ئايرىلغان، ئايەت-ھەدىسلەرنى ئىزاھلاش قائىدىلىرىدىن چەتنەپ ئاشقۇنلۇق پەيدا قىلغان.

بۇنىڭ قارشىسىدا ئىسلامنى پەقەتلا قىلىچ، دۆلەت، ھۆكۈمەت ۋە ھاكىمىيەتكە يىغىنچاقلاپ، ئىسلامنىڭ ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش مېتودىدىن چەتنەپ كەتكەن خاۋارىجلار مەۋجۇت.

ھالبۇكى، ئىسلامنىڭ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتىكى توغرا مېتودى ئەقىدىگە، قەلبكە، ئەخلاققا، پىكىرگە ۋە سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ساغلام ئىدىيەلىك ئىنسان يېتىشتۈرۈش ئىدى. يەنى ئىمان تەربىيەسى، قەلبنى پاكلاش تەربىيەسى، ئەخلاق تەربىيەسى، پىكرى تەربىيە ۋە سىياسىي تەربىيەگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىسلاھات ئېڭىغا ئىگە ئاڭلىق ساغلام ئىنسان يېتىشتۈرۈش ئىدى. لېكىن بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئېقىم ئىسلامنىڭ ئىسلاھات مېتودىدا زىت كېلىدىغان يول تۇتقانلىق سەۋەبىدىن ئاشقۇنلۇق يولىغا كىرىپ قالغان.

## 4. ئىسلامدا ئاشقۇنلۇقنى چەكلەيدىغان دەلىل بارمۇ؟

قۇرئان كەرىم ئاشقۇنلۇق سۆزىنى ئىشلەتكەن: «لَا تَغْلُوا فِي دِينِكُمْ وَلَا تَقُولُوا عَلَى اللَّهِإِلَّا الْحَقَّ» «دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاللاھ توغرۇلۇق پەقەت ھەق گەپنىلا قىلىڭلار»[2]. بۇ ئايەتتە كەلگەن «غۇلۇۋ» دېگەن سۆز ئاشقۇنلۇق قىلماڭلار، چېكىدىن ئاشۇرۋەتمەڭلار، ئۆرۈنسىز چىڭ تۇرۇۋالماڭلار، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

قۇرئان كەرىم دىندارلىق مەسىلىسىدە بەلگىلەنگەن شەرئىي ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇرغان: «قُلْ يَاأَهْلَ الْكِتَابِ لَا تَغْلُوا فِي دِينِكُمْ غَيْرَ الْحَقِّ وَلَا تَتَّبِعُوا أَهْوَاءَ قَوْمٍ قَدْضَلُّوا مِنْ قَبْلُ وَأَضَلُّوا كَثِيرًا وَضَلُّوا عَنْ سَوَاءِ السَّبِيلِ» ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار»[3].

مەسىلەن، يەھۇدىيلار ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە پاسسىپ مەيداندا تۇرۇپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغان، بەلكى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنغان، ھەزرىتى مەريەم ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت

(2) نىسا سۈرىسى، 171-ئايەت.
(3) مائىدە سۈرىسى، 77-ئايەت.

چاپلىغان. مانا بۇمۇ ئاشقۇنلۇقنىڭ بىر تۈرى. ئەمما خرىستىيانلار ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە چېكىدىن ئېشىپ، بەزىلىرى ھەزرىتى ئىيسانى ئاللاھنىڭ بالىسى دەپ ئېتىقاد قىلغان، بەزىسى ئاللاھنىڭ سىموۋلى دەپ ئېتىقاد قىلغان، بەزىلىرى ئىلاھنىڭ بىر كۆرۈنۈشى دەپ ئېتىقاد قىلغان. مانا بۇلار ئايەت تەنقىد قىلغان ئاشقۇنلۇقتۇر.

شۇڭا، ئايەت مۇسۇلمانلارنى ئاشقۇنلۇق قىلىش ۋە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇرغان ھەمدە ئوتتۇرھال توغرا يولدا مېڭىشقا بۇيرۇغان: «فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَمَنْ تَابَ مَعَكَ وَلَا تَطْغَوْا إِنَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ»، «ئى پەيغەمبەر، سەن ۋە سەن بىلەن بىرگە بولغانلار بۇيرۇلغاندەك توغرا يولدا مېڭىڭلار، چەكتىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[4].

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايەتلەردىكى مەقسىتى كىشىلەرگە توغرا ئەقىدىنى بايان قىلىپ بېرىش، ئېتىقادتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە ئاشقۇنلۇق قاپقىنىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

رەسۇلۇللاھ ئاشقۇنلۇق ھەققىدە: «إِيَّاكُمْ وَالْغُلُوَّ فَإِنَّمَا هَلَكَ مَنْ كَانَ قَبْلَكُمْ بِالْغُلُوِّ فِي الدِّينِ» سىلەر دىندا ئاشقۇنلۇق پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر دىندا ئاشقۇنلۇق قىلىپ، دىندارلىقتا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش سەۋەبىدىن ھالاك بولغان» دېگەن[5]. بۇ ھەدىستىكى ئىلگىرى ئاشقۇنلۇق قىلغانلار دېگەندىن مەقسەت ئەھلى كىتاب، بولۇپمۇ خرىستىيانلاردۇر.

رەسۇلۇللاھ يەنە: «لَا تُشَدِّدُوا عَلَى أَنْفُسِكُمْ «شەرىئەت تەكلىپ قىلمىغان ئىشلاردا چىڭ تۇرۇۋالماڭلار» دېگەن[6].

ئىنساننىڭ پەقەتلا ئۆزىنى توغرا يولدا، باشقىلارنى خاتا يولدا دەپ خىيال قىلىپ قېلىشى ئاشقۇنلۇقنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا مۇنداق قارايدىغان ئىنسانلار مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا ياكى پاسىققا چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار باشقىلارنىڭ دىيانىتىگە تەنە قىلىشقا، باشقىلارنى ئازغۇنلۇققا چىقىرىشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ دىيانىتى بىلەن پەخىرلىنىپ، باشقىلارغا يامان گۇماندا بولۇشقا مايىل بولىدۇ.

بۇ ئاشقۇنلۇقنىڭ سەۋەبىگە قارايدىغان بولساق بىلىمسىزلىك، ئاڭ سەۋىيەنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە ئىسلامنى ئەسلىي ماھىيىتى بويىچە بىر پۈتۈن چۈشەنمەسلىكتۇر. رەسۇلۇللاھ ئىسلامنىڭ خاراكتېرىنى بايان قىلىپ: «إِنَّ هَذَا الدِّينَ يُسْرٌ، وَلَنْ يُشَادَّ الدِّينَ أَحَدٌ إِلَّا غَلَبَهُ، فَسَدِّدُوا وَقَارِبُوا وَأَبْشِرُوا وَيَسِّرُوا» تەرجىمىسى: «بۇ دىن ئاسان، دىننىڭ كۆرسەتمىسىدىن ھالقىپ چېكىدىن ئاشىدىغان ھەرقانداق كىشى مەغلۇپ بولىدۇ. شۇڭا، سىلەر دىننىڭ كۆرسەتمىسىگە توپتوغرا ئىش قىلىڭلار، يېقىن ئىش قىلىڭلار،

(4) ھۇد سۈرىسى، 112-ئايەت.

(5) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى، 215/1. ئىبنى ماجە رىۋايىتى، 3028-ھەدىس.

(6) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، 4906-ھەدىس.

بىشارەت بېرىڭلار، ئاسانلاشتۇرۇڭلار» دېگەن[7].

## 5. ئاشقۇنلۇقنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبلەر

يېقىنقى زاماندىكى ئاشقۇنلۇقنىڭ پەيدا بولۇشىغا، بەزى جامائەتلەردە مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىشكە بىۋاستە ھەسسە قوشقان پىكرىي ۋە ئىستىلىي بۇرۇلۇش ئامىللىرى تۆت تۈرلۈك:

1)ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي مۇستەبىتلىكى:

مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە زۇلۇم قىلىشى، رەھىمسىزلىك قىلىشى ۋە ئۇلارغا تىنچ سىياسىي ئۆزگىرىش ئۇيۇقلىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى ئاشقۇنلۇق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[8].

2) خەلق ئىرادىسىنى مۇسادىرە قىلىش:

خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئىنسانىي ھۆرمىتىنى قوغداش ئىستەكلىرىگە يول قويماسلىق ۋە دېموكراتىك تاللاش يوللىرىنى ئىنكار قىلىش. مەسىلەن، 1991-يىلى ئالجىرىيەدىكى ئىسلام قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ئەركىن سايلامدا غەلىبە قىلغاندا، سايلام نەتىجىسى مۇستەبىت ھاكىمىيەت تەرىپىدىن بىكار قىلىپ تاشلانغان. بۇ سەۋەبتىن، ئىچكى ئۇرۇش ھالىتى يۈز بەرگەن، نۇرغۇن قان تۆكۈلگەن ۋە سايلامدا ئۇتقان تەرەپنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى قولغا ئېلىنغان.

3) گۇناھسىز كىشىلەرنى تۈرمىلەرگە قاماش:

مىسىر رەئىسى ئابدۇنناسىرنىڭ زامانلىرىدا كوممۇنىست ھاكىمىيەت تەرىپىدىن نۇرغۇن گۇناھسىز كىشىلەر تۈرمىلەرگە قامالغان ۋە بۇ كىشىلەر ۋەھشىيلەرچە قىيىن-قىستاقلارغا دۇچ كەلگەن. مۇسۇلمان دەپ ئاتالغان ساقچىلار،قازىلار ۋە ھاكىملار تەرىپىدىن بىگۇناھ كىشىلەرگە قورقۇنچلۇق ۋە ھاقارەتلىك قىيىن-قىستاقلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئۇلارغا قارىتا كاپىر دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىشقا سەۋەب بولغان. بۇلارنىڭ ئىسمى مۇسۇلمان بولغان بىلەن، ئەمما ئۇلار گىتلېر ۋە ئىتالىيەلىك موۋسولىنىدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە ۋەھشىي قىلمىشلارنى سادىر قىلغان. تۈرلۈك قىيىن-قىستاق نەتىجىسىدە ھەرخىل ئازابقا يولۇققان بىر بۆلەك كىشىلەر ئازابلىغۇچى ۋە قىيىنغۇچى جاللاتلار ھەققىدە «ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن يەكۈننى چىقارغان.

4) گۇرۇھۋازلىق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ كۈچلىنىپ كېتىشى:

2003-يىل سادام ھۈسەيىننىڭ ھاكىمىيىتى يىقىلغاندىن كېيىن، ئىراقتا شىئەلەر تەرىپىدىن ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش خىتابلىرى ۋە سۈيىقەستلىرى

(7) نەسەئى رىۋايىتى، 5051-ھەدىس.
(8) ئابدۇلفەتتاھ مازى، «ئاشقۇنلۇق ھەرىكەتلىرىدىكى پىكرىي نۇقتىلار»، 38-بەتكە قاراڭ.

ئەۋج ئالغان. ئىراقتىكى ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن چەتكە قېقىلغان.

شىئەدىن ئىبارەت گۇرۇھۋازلىق خاراكتېرىگە ئىگە سىياسىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرقانچە ئىسلام ئەللىرىنى بېسىۋېلىشى ۋە ئىراقتا ھولاكوغا ئوخشاش ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشى ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا زۇلۇمغا قارشى ئىنكاس پەيدا قىلغان.

ئەلۋەتتە ئىران ۋە ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئىراقتىكى ئىچكى پارچىلىنىشنى تېخىمۇ قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. ئانا ۋەتىنى ئىراقتىن مەجبۇرىي ئايرىلىشقا ۋە سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇرلىنىپ ئۈمىدسىزلەنگەن نەچچە مىليون خەلق ئاشقۇن تەشكىلات دائىشقا قوشۇلۇپ كەتكەن، يەنە بىر بۆلۈكى دائىشتىن قۇتۇلۇش باھانىسىدا ئاشقۇن شىئە تەشكىلاتلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاشقۇنلۇق پىكرى ئۇچقۇر دەۋرىدە تېز سۈرئەتتە بىر قانچە دۆلەتلەردە تارقىلىپ كەتكەن، مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقىرىش ۋە جەمئىيەتلەرنى جاھىلىيەتكە چىقىرىش پىكرى ھەر ساھەدە ئېقىپ يۈرگەن، تۈرمىلەردە قىينىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرقىراشلىرى زىندانلارنى تېشىپ ئۆتۈپ، باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا قەدەر كەتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە «بىزنى مۇشۇنداق قىينىغانلار مۇسۇلمان ئەمەس» دېگەن يەكۈن خۇلاسىلەنگەن.

دېمەك، سىياسىي مۇستەبىتلىك، سىياسىي زۇلۇم، خەلق ئىرادىسىنى مۇسادىرە قىلىش، گۇناھسىز كىشىلەرنى تۈرمىگە تاشلاش ۋە تائىپى خاراكتېردىكى ھاكىمىيەت تۈزۈملىرى ئاشقۇنلۇقنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بىۋاسىتە سەۋەب ھېسابلىنىدۇ.

### 6. ئاشقۇنلۇقنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى

1924-يىلى ئوسمانىيلار ئىسلام دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا يۈز بەرگەن كرىزىسنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە يەكۈنلەشكە بولىدۇ.

#### بىرىنچى، سىياسىي كرىزىس ھەققىدە

ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمى بىكىنمىچىلىككە قەدەم قويغان، مۇسۇلمانلار بىرقانچە ئاجىز دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن، بۇ دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇستەملىكە دۆلەتلىرىگە ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە ھالدا بويسۇنغان.

مۇسۇلمانلار سىياسىي كرىزىسكە مۇئامىلە قىلىشتا ئىككى تۈرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئوسمانىيلار دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىداھەر تۈرلۈك مىللەتلەرنى ۋە دىنلارنى سىغدۇرالايدىغان ئىسلام دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چاقىرىدىغان بىر ئېقىم شەكىللەنگەن. بۇ ئېقىمنى ھەسەن بەننا يېتەكچىلىكىدىكى مۇسۇلمان

قېرىنداشلار ھەرىكىتى يېتەكلەپ ماڭغان. ھەسەن بەننانىڭ قارىشىچە، خەلىپىلىك تۈزۈمى دېموكراتىك ھەرىكەتكە زىت كەلمەيدۇ، چۈنكى خەلق دىنىنى ھىمايە قىلىدىغان، دۇنيالىقىنى ئىسلاھ قىلىدىغان خەلىپىنى ۋە مىللەت ۋەكىللىرىنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە.

يەنە بىر ئېقىمتامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ ماڭغان. بۇ ئېقىمنىڭ قارىشىچە، خەلىپىلىك تۈزۈمىنىڭ زامانى ئۆتۈپ كەتتى، شۇڭا ھازىر ياۋروپانىڭ ئويغىنىشىدىن ئىلھام ئالىدىغان رايون خاراكتېرلىك مىللىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىش لازىم، دەپ قارايدىغان ئىدى. بۇ ئېقىمنى لىبېرالىزم يولىنى تۇتقانلار ئاساس قىلىپ ماڭغان.

## ئىككىنچى، كىملىك كرىزىسى ھەققىدە

20-ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىسلام دۇنياسىدا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرقتە كىملىك كرىزىسى جىددىي شەكىلدە باشلانغان بولۇپ، بۇ كرىزىس بۈگۈنگە قەدەر داۋام قىلماقتا.يەنى بىز ئەرەبمۇ ياكى مۇسۇلمانمۇ؟ بىز شەرقلىقمۇ ياكى غەربلىكمۇ؟ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كىملىكى مۇسۇلمانلارنىڭھەممىسىنى بىرلەشتۈرىدىغان كىملىكمۇ؟ ياكى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە غەربلىشىش ئاساسلىق نۇقتىمۇ؟ ياكى مىللەتچىلىك ئاساسلىق نۇقتىمۇ؟ دېگەندەك كرىزىس پەيدا بولغان.

ئەرەب دۇنياسىدىكى بىر قىسىم زىيالىيلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا غەربلىشىش ئېقىمىنى تەشەببۇس قىلغان، بۇ ئېقىم غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ياخشى-يامان بارلىق تەرەپلىرىنى ئايرىماستىن قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئەمما ئىسلام ئىدىيەسىدىكى ھەرىكەتلەر غەربلىشىشكە قارشى تۇرۇپ كەلگەن. چۈنكى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ نەزىرىدە غەرب دۇنياسى ئىسلام ئەللىرىنى بېسىۋالغان، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغان، بىرلىكىنى پارچىلاپ تاشلىغان، بايلىقلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان ۋە ئىسلام ئەللىرىنى مۇستەبىت دىكتاتور ھاكىملارغا تۇتقۇزۇپ قويغان مۇستەملىكىچىلەر ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ غەربلىشىش دولقۇنىغا قارشى تۇرۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر غەرب دۇنياسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى دىنىي پەرق تۇيغۇسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى مۇستەملىكە قىلىنغان دەپ ھېس قىلىشى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق تۇيغۇسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مىسىرغا سوتسىيالىزم كىرگەندە لىبېرالىزمچى ياكى كوممۇنىستپەرەس زىيالىلار مۇستەبىت ھاكىمىيەت بىلەن بىرلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان، بۇلار ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم

قالغانلىقىغا ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىغا كۆز يۇمغان. بۇ سەۋەب ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن لىبېرالىزمچىلار ئارىسىدىكى كىملىك كرىزىسىنى چوڭايتىۋەتكەن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئېنىق مەيدان ئايرىش ۋە بىر-بىرىگە قارشى تۇرۇش پىكرى شەكىللەنگەن.

## ئۈچىنچى، ئاڭ-سەۋىيە كرىزىسى ھەققىدە

ئاڭ-سەۋىيە كرىزىسىگە قارىتا مۇئامىلە قىلىش شەكلى تۆۋەندىكىدەك:

1) ئۆتمۈشپەرەسلىك:

ئىسلام پىكرىنىڭ كرىزىسى ئۆتمۈشنى ئەسلىگەنلىكتە كۆرۈنمەيدۇ، بەلكى ئۆتمۈشكىلا تايىنىۋالغانلىقتا نامايان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ دەۋرنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى ۋە قەھرىمانلىرى بۈگۈن ھاياتتا بولغان بولسا ئىدى، بەزى ئىشلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن بولاتتى ۋە قىلغان كۆپلىگەن ئىشلىرىنى تەكرار قىلمىغان بولاتتى. بىراق بەزىلەر بۇ دەۋردىمۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىھاد خاراكتېرلىك ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئەينەن تەقلىد قىلىپ ماڭماقچى بولۇۋاتىدۇ[9].

مەسىلەن، ساھابىلەرنىڭ خەلىپە سايلاش ئۇسۇلى شۇ زاماننىڭ شارائىتىغا قارىتا بىرقانچە تۈرلۈك بولغان، ئۇلار تايانغان ئۇسۇل-چارىلەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىھادىي ئۇسۇل-چارىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ھەربىر خەلىپىنىڭ سايلىنىش ئۇسۇلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىدى. بىراق بەزى كىشىلەر بۇ زاماندىمۇ بۇرۇنقى ئۇسۇل-چارىنىڭ دەل ئۆزىنى تۇتۇپ مېڭىشنى قائىدىلەشتۈرۈۋېتىشتە چىڭ تۇرماقتا. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىرقانچە كىشى توپلىنىپ، ئۆزلىرىنى كېڭەش مەجلىسى دەپ ئاتىۋېلىپ، بىرەرسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت بەرمەكتە. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ خەلىپە سايلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا شەرئىي ھۆججەت ئىسپاتلانمىغان ئىدى. بۇنىڭغا كۆرە تارىخىي ۋەقەلەرنى شەرئىي دەلىلنىڭ ئورنىغا قويۇش توغرا بولمايدۇ. سىياسىي ھەرىكەتتىكى تارىخىي ۋەقەلىكلەر ئىجتىھاد خاراكتېرلىك مەسىلە بولغان ئىكەن، بۇ ئېھتىماللاردا يېڭىدىن ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئىجتىھاد قىلىشقا ئەلۋەتتە بولىدۇ.

2) مەرىپەت بىلەرمەنلىكنى دەۋا قىلىش

دىنىي مەرىپەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۈزۈپ ئېلىپ، ئۇنى دىنىنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىن چوڭايتىۋېتىش ئىلمىي ئۆلچەمگە ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەسىلەن،

كۆپلىگەن تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىكىلەر ئەۋلىيالارنىڭ كارامەت مەسىلىسىنى چوڭايتىۋېتىدۇ ۋە ئۇنى دىنىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ھەققىدە دېڭىزدىن ھېچنېمىگە تايانماي ئۆتۈپ كېتىش، ئاسماندا ئۇچۇش دېگەندەك ئەپسانە

(9) ھەسەن دۇغىيم، «سىياسىي ئاشقۇنلۇق»، 27-بەت.

دەرىجىسىدىكى ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىدۇ.

تەبلىغ جامائىتى بولسا، ئاللاھ ئۈچۈن دەۋەتكە چىقىش ياكى بىرقانچە كۈنلۈك سەپەرگە چىقىش مەسىلىسىنى دىنىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۇسۇلغا تايانمىغان كىشى گەرچە تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا ياكى ئىنتېرنېت بەتلىرىدە ياكى كىتاب-ژۇرناللاردادەۋەت قىلسىمۇ، توغرا دەۋەت قىلىش ئۇسۇلىغا تايانمىغان كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھىزبۇتتەھرىر بولسا، خەلىپىلىك مەسىلىسىنى دىنىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلىۋالىدۇ ۋە بارلىق تەسەۋۋۇرلىرىنى مۇشۇ نۇقتا ئەتراپىدا ئايلاندۇرىدۇ، خۇددى خەلىپىلىك قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ قولىدا بولمىسا، دىن ۋە دۇنيا پۈتۈن يوقاپ كېتىدىغاندەك تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

3) مېتود بۇزۇلۇشى: دەلىللەرنى ئىزاھلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلماسلىق.[10]

-بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارىشىغا توغرا كەلگەن شەرئىي ھۆججەتلەرنى تاللاپ ئىزاھلايدۇ، ئالىملار ئارىسىدىكى ئېتىبارغا ئېلىنمىدىغان ئىختىلاپلارنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. مەسىلەن، ھاكىمىيەت توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەرنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئالىملارنىڭ ئېتىبارلىق تەپسىرلىرىنى ئېتىبارغا ئالماستىن، باشقىلارنى دىندىن چىقىپ كېتىدىغان دەرىجىدىكى كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ. مەسىلەن، ئىبنى ئابباسنىڭ «كىچىك كاپىر بولۇش» دېگەن تەپسىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ بىلمەسلىك، مەجبۇرلىنىش ۋە ئاجىزلىق دېگەندەك ئۆزرىسى بولسا، ئۇ ئۆزرىنى ئېتىبارغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ.

-بۇلار شەرئىي ھۆججەتلەرنى زاھىرىي بويىچە ئىزاھلايدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئايەتلەرنىڭ بىر پۈتۈن سۈرىتىگە قارىماستىن، كاپىرلار بىلەن دوستلىشىش توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەرنى زاھىرىي ئۇقۇمى بويىچە ئىزاھلاپ، كاپىرلارغا ماددىي ياردەمدە بولغان ۋە ئۇلار بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە ئورناتقانلارنى كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ. ھالبۇكى، ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا كاپىرلارغا مۇتلەق يان بېسىپ كەتسە، ئاندىن مۇرتەدلىك ھۆكمى بېرىلىدۇ. ئەمما بۇلار خەلقئارا جەمئىيەت، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئادالەت مەھكىمىسى ۋە بىخەتەرلىك مەجلىسى دېگەندەك ئورگانلار بىلەن ئالاقە قىلغانلارنى مۇتلەق كاپىرغا چىقىرىۋېتىدۇ.

-بۇلار قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ كېلىش سەۋەبلىرىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇلار دۈشمەن كاپىرلار ھەققىدە چۈشكەن ئايەتلەرنى تىنچلىق يولىنى تاللىغان كاپىرلارغا قوللىنىدۇ، كاپىرلار ھەققىدە چۈشكەن ئايەتلەرنى مۇسۇلمانلارغا تەتبىقلايدۇ، جەڭ مەيدانىدا چۈشكەن ئايەتلەرنى تىنچلىق مەزگىلىگە دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

(10) ھەسەن دۇغىيم، «سىياسىي ئاشقۇنلۇق»، 29-بەت.

شۇنداقلا يەنە بۇلار شەرئىي ھۆججەتلەردىكى ئومۇملۇق، خاسلىق، ئىخچاملىق ۋە چەكلىمىلىك دېگەندەك قائىدىلەرنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ.

4) ئاشقۇنلاردىكى پىسخىكا بۇزۇلۇش ئىللىتى

كىرىزىس ئىچىدىكى شەخسلەرنىڭ مېڭىسى دائىم شۇملۇق ھېس قىلىدىغان قارا پىكىرلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولىدۇ، شۇنداقلا ئىنتىقام پىكىرلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئاشقۇنلاردىكى پىكىر بۇزۇلۇشى ئۇلاردا سىقىلىش، غەزەپ قىلىش، مۇتەئەسسىپلىك تۈيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ[11].

ئەمما دىكتاتورلۇق، بوزەك قىلىش، سىياسىي بوشلۇق، قالايمىقانچىلىق ۋە ناچار شارائىتلار بولسا ئويغىنىش، تەرەققىيات ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن گۈللىنىشكە توسالغۇ بولىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئۆكتىچى ھەرىكەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئەينى زاماندا خاۋارىجلار ئىسلامنى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن يىراق ھالدا زاھىرىي چۈشەنگەندىن كېيىن «ھاكىمىيەت پەقەتلا ئاللاھقا مەنسۇپتۇر» دېگەن شوئارنى تۇتۇلغان ھالدا ھاكىمىيەت قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقان ئىدى، بىراق ئۇلار بۇ شوئارنىڭ ئىزاھاتىنى ياكى تەتبىقلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان. بولمىسا، شۇ كۈنلەردە ھاكىمىيەت بېشىدا ئۈممەت ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار ساھابىلەر بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خاۋارىجلار ئۆزلىرى بىلگەن ئايەتلەرنى قانلىق يول بىلەن ئىزاھلاپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرۈشتى، ئىسلام پەتھلىرىنى توختىتىپ قويۇشتى ۋە دۆلەتنىڭ ھەيۋىتىنى يوقىتىشتى.

بۇ خاۋارىجلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلاردا چەتئەل ئىستىخباراتىغا ئىشلەيدىغان ياكى دۈشمەن دۆلەتكە خىزمەت قىلىدىغان پىلان يوق ئىدى. ئۇلار دەلىللەرنىڭ مەقسەتلىرىگە قارىماستىن، زاھىرىي چۈشەنچە بىلەن كۇپايىلىنىدىغان قوپال مىجەز بىر توپ كىشىلەر ئىدى. ئۇلاردا قۇربان بېرىش ۋە پىداكارلىق روھى تېپىلسىمۇ، بىراق خاتا يولدا ئىدى. رىۋايەتلەرگە كۆرە ئىبنى مۇلجەم دېگەن خاۋارىج قانۇنلۇق ھاكىمىيەتنىڭ بېشى بولغان ھەزرىتى ئەلىنى ئۆلتۈرگەندە، ئاللاھقا يېقىنلىشىش نىيىتىدە ئۆلتۈرگەنمىش.

دېمەك، غايىلەر ھەرقانچە ئېسىل ۋە نىشانلار ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، شەخسلەر ھەرقانچە باتۇر ۋە قەيسەر بولۇپ كەتسىمۇ، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە رىئايە قىلمىسا ۋە ھېكمەت يولىنى تۇتۇپ ماڭمىسا، بۇ ئۇلۇغ نىشانلار ئىگىسىگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ، بەلكى ئۆزى، ئائىلىسى ۋە جەمئىيىتىنى ئايرىماستىن كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بويىنىدا بولۇپ

(11) دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار، «ئاشقۇنلۇق ئېقىمىنىڭ پارچىلىنىشى»، 36-بەت.

قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى زۇلۇمنى رەت قىلىدىغان ئېسىل غايىلىرى ۋە تۇيغۇلىرى ھەر ئورۇندا زۇلۇم قىلىشقا ئاشىقتەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھالەت بۈرۈنقى خاۋارىجلارنىڭ پېشۋاسى ئىبنى مۇلجەمدە كۆرۈنگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ھازىرقى زامان ئاشقۇنلىرىدا كۆرۈنمەكتە. بۈگۈنكى بىرقىسىم جىھادىي سەلەپىلىك ھەرىكەتلىرى ھەقىقىي سەلەپىلىككە ۋەھەقىقىي جىھاد روھىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزمەكتە.



**دېمەك، بۇلاردىكى پىسخىكا كىرىزىسىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:**

-ئۇلار مەزلۇملۇقنى دەۋا قىلىدۇ، دائىم قۇربان بولغۇچىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاتلانغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى پۈتۈن دۇنيا تەرىپىدىن نىشانلىنىۋاتقاندەك ۋە ھەر كىم ئۇلارنىڭ دۈشمىنىدەك ھېس قىلىدۇ. چۈنكى سۈيىقەست ۋە دۈشمەنلىك نەزەرىيىسى بۇلارنىڭ كۆڭلىدە ۋە تۇيغۇسىدا ئورناپ كەتكەن.

-ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۈممەتنىڭ يېتەكچىلىرى ۋە رەھبەرلىرى، ئۈممەتنىڭ مەسىلىسىگە ئاساسلىق شەكىلدە كۆڭۈل بۆلگۈچىلەر ۋە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان كىشىلەر دەپ داۋا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار كېڭەش ئۆلچىمى ۋە ئۈممەتنىڭ پىكرىگە قىلچە پىسەنت قىلماستىن، شەرىئەت دۆلىتىنى تۇرغۇزۇش دېگەندەك ئېلانلارنى توختىماي ئېلان قىلىدۇ.

-ئۇلار ھەقىقەت مونوپولچىلىقىنى دەۋا قىلىدۇ، ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان تۈرلۈك كۆزقاراشلارنى رەت قىلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشىنىلا توغرا دەپ قارايدۇ، باشقا پىكىردىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. سەلەپىيلىك ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇنلۇقنى پەقەت ئۆزلىرىدىلا دەۋا قىلىدۇ، باشقىلارنى بىدئەتچى، مۇرجىئى ۋە دىنىدىن چىقىپ كەتكەن دەپ قارايدۇ.

-ئۇلار غەلىبە قىلىۋاتقاندەك خىيال بىلەن ياشايدۇ، سەۋەب-نەتىجە قانۇنىيىتىگە ئىگە ئەمەس تۈرۈۋقلۇق، دائىم پۈتۈن دۇنيانى پەتھى قىلىشقا ۋە پۈتۈن دۇنياغا ھاكىم بولۇشقا قادىر دېگەن تۇيغۇ بىلەن ياشايدۇ.

-ئۇلارنىڭ قەلبىدە كىبىرلىك ۋە پوچىلىق ئورناپ كەتكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ھېس قىلىدۇ.

-دىنىي مەسىلىلەردە بىلىمسىز تۇرۇپ ئورۇنسىز جېدەل قىلىدۇ، ئەقىدىنىڭ تارماق مەسىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەقىدە پىتنىسىنى

پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇ تارماق مەسلىلەرنى مۇھەببەت ۋە نەپرەت مەسىلىسىگە باغلىۋالىدۇ.

## 7. ئاشقۇنلۇقنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى

1) ئاشقۇنلۇق ئەھلى سۈننەتنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكتىن كېلىپ چىققان مۇشكۈلىدۇر. شۇڭا، ئاشقۇنلۇق ۋە خاۋارىچلىق پىكىرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ئاسىيلارغا تاقابىل تۇرۇشتىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى بەزى گۇناھلارنىڭ زىيىنى بەزى ئاشقۇنلارنىڭ زىيىنىدىن چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئاسىيلىق توغرا يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ دەپتىرىدىكى قارا چېكىت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئاشقۇنلۇق توغرا يولدىن چەتنەش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، گۇناھ يولىغا كىرىپ قالغان كىشى تەۋبە قىلىپ تېز شەكىلدە خاتالىقىدىن يانالايدۇ. ئەمما ئەقىدە ۋە پىكىر ئاشقۇنلۇقىدىن يېنىش ئاسانغا توختىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار پىكىر ئازغۇنلۇقىغا چاقىرىدۇ، گۇناھكارلار بولسا مەخپى قىلىشقا تىرىشىدۇ[12].

ئاشقۇنلۇق پىكرى ئاپەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى، ئاسانلىقىنى، كەڭ قورساقلىقىنى، ئىنسانپەرۋەرلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى ۋە شارائىتلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ ھەم ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە قارىتا ئىنساننىڭ تاقىتى يەتمەيدىغاندەك

(12) دوكتور ئابدۇلكەرىم بەككار، «ئاشقۇنلۇق ئېغىنىڭ پارچىلىنىشى»، 85-بەتكە قاراڭ.

تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. چۈنكى ئاشقۇنلار ئاللاھ تەكلىپ قىلمىغان ئىشلارنى تەكلىپ دەپ قارايدۇ، ياكى ئاللاھ رۇخسەت قىلغان دائىرىدىن ھېساب ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

2) شۇنىڭدەك ئاشقۇنلۇق مۇرجىئەلىكتىن ئىبارەت پاسسىپ ئاشقۇنلۇققا مەخپى يول ئېچىپ بېرىدۇ. ئاشقۇنلۇق شەرىئەت بۇيرۇمىغان ئىشلارغا ئېسىلىش نۇقتىسىدىن كېلىپ چىقسا، مۇرجىئەلىك[13] شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىدىن يىراقلىشىش ۋە چىقىپ كېتىش سەۋەبىدىن يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، خاۋارىچلارنىڭ ئاشقۇن مەزھىپىنى مۇرجىئەلىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا ھەسسە قوشقان دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ئەمەلىيەتتە، ئاشقۇنلۇق بىلەن مۇرجىئەلىك بىر تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزىدۇر، ئاشقۇنلۇق ئوڭچى ئاشقۇنلۇق ھېسابلانسا، مۇرجىئەلىك سولچى ئاشقۇنلۇقتۇر، ھەر ئىككىلىسى ئازغۇنلۇقتۇر، بۇرۇلۇشتۇر ۋە بىدئەتتۇر.

3) خاۋارىچلار ئىدىيەسىدىكى ئاشقۇنلۇق مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر بىرلىكىنى پارچىلىۋېتىدۇ، كۈچىنى ئاجىزلىتىۋېتىدۇ. ئەمما قۇرئان-سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسىنى تۇتۇپ مېڭىش ئاشقۇنلۇقتىن ساقلايدۇ،

(13) مۇرجىئە دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان كىشى چوڭ گۇناھ قىلسىمۇ مۇكەممەل مۇسۇلمان بولىۋېرىدۇ دەپ قارايدۇ، گۇناھ قىلسا ئىمانىغا تەسىر يەتمەيدۇ دەپ قارايدۇ، ئىمان قەلبتە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىدىن كۇپرى سۆزى چىقسىمۇ زىيىنى يوق دەپ قارايدۇ. بۇ ئېقىم ئىش ھەرىكەت ئىماننى ياكى پاسىقلىقنى ياكى كۇپۇرلۇقنى ئىپادىلىمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇرجىئەلىككە ئەلمانىزمنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىكىر بىرلىكى شەكىللەندۈرۈشكە شارائىت ھازىرلايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئۆلىمالار خاۋارىجلارنىڭ مەزھىپىنى ئەھلى سۈننەنىڭ مەزھىبىگە ئوخشىمايدۇ دەپ بايان قىلغان. چۈنكى خاۋارىجلارنىڭ مەزھىپى مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرەلمەيدۇ، بەلكى بۆلۈۋېتىدۇ. تارىخ ۋە رېئاللىق بۇنىڭغا شاھىت.

4) مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىش ھەم ئۇنىڭ قېنىنى، ئىززەت ئابرۇيىنى ۋە مال مۈلكىنى ھالال دەپ قاراش خاۋارىجلىقنىڭ بۇ ئۇممەت ھەققىدە ئىشلىگەن ئېغىر جىنايىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىغا كىرمەك ئاسان، ئىسلامغا كىرمەكچى بولغان ئىنسان شاھادەت سۆزىنى قەلبىدىن ئىشىنىپ تىلى بىلەن ئېيتادىلسە ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلسا، مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. شاھادەت سۆزىنى ئېيتقان مۇسۇلمان گەرچە بەزى ۋاجىپ ئىشلارنى ئادا قىلىشتا سەل قارىغان ۋە بەزى گۇناھلارنى قىلىپ سالغان بولسىمۇ، دىنىدىن چىقىپ كېتىدىغان بىرەر ئىشنى سادىر قىلمىغان بولسىلا، قېنى، ئابرۇيى ۋە مال-مۈلكى مەسۇم ھېسابلىنىدۇ.

## 8. ئاشقۇنلۇقتىن ئاگاھلاندۇرۇش جىھادتىن توسقانلىق بولامدۇ؟

ئاشقۇنلۇق ئەسلىدە پىكىر بۇرۇلۇشىدىن، چۈشەنچە ۋە مېتود خاتالىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئاشقۇنلۇقنى داۋالاشنىڭ چارىسى پىكىر ۋە چۈشەنچە بۇرۇلۇشىنى ۋە مېتود خاتالىقىنى ئىسلاھ قىلىشتا مەركەزلىشىشى لازىم.

ئەلۋەتتە پىكىر ۋە چۈشەنچە ئاشقۇنلۇقىدىكى خاتالىقلارنى بايان قىلىشنىڭ جىھادنىڭ پەرزلىكى ۋە جىھادنىڭ قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان مۇقەددەس بىر پرىنسىپ ئىكەنلىكى بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق. چۈنكى جىھاد ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى قوغداش ئۈچۈن ھەمدە زالىمغا ۋە تاجاۋۇزچىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك كەڭ دائىرلىك پەرز ئىبادەتتۇر. ئاشقۇنلۇق بولسا قۇرئان-سۈننەت روھىدىن، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن چەتنەشتۇر ۋە پىكرىي بۇرۇلۇشتۇر. شۇڭا، شەرىئەت روھىغا ئۇيغۇن جىھاد قىلىش ئۈچۈن پىكىر ۋە چۈشەنچىدىكى ئاشقۇن پىكىرلەردىن قۇتۇلۇش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، جىھاد نامىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىغا، ئىززىتىگە ۋە مېلىغا تاجاۋۇز قىلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ.

## ئاشقۇنلۇق ۋە جىھاد توغرىسىدا بەزى ئىشارەتلەر:

1. شەرئىي بىر مەقسەت ياكى سىياسىي مەنپەئەت ئۈچۈن بەزى يۇرتقا جىھادقا بارماسلىقتا تەشەببۇس قىلغانلىق ھەرگىزمۇ جىھادنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلغانلىق بولمايدۇ. چۈنكى جىھادنىڭ پەرزلىكى بىلەن-مۇئەييەن بىر ئورۇن ۋە ۋاقىتتا- جىھادقا قاتناشماسلىقتا چاقىرىش ئارىسىدا پەرق بار.

2. بىرەر ئالىم بىرەر يۇرتتىكى جىھاد مەيدانىغا بېرىشتىن ئاگاھلاندۇرغان

بولسا، بۇ ھەرگىزمۇ جىھادتىن توسقانلىق بولمايدۇ، بەلكى بۇنىڭ شەرئىي ۋە سىياسىي سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن.

3. بىرەر ئالىمنىڭ كىشىلەرنى بىرەر تەشكىلاتنىڭ بايرىقى ئاستىدا بىرەر يۇرتقا جىھادقا بېرىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشى، شۇ يۇرتتا باشقا تەشكىلاتلار ئاستىدا جىھاد قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. بەلكىم مەزكۇر تەشكىلات ئاشقۇن پىكىرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

4. توغرا جىھادنىڭ ئاشقۇنلۇق بىلەن ئالاقىسى يوق. شەرىئەت روھىدىن چەتنىمەيمۇ جىھاد قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلئەھەد ھافىز






ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئىراده ۋە ھىممەت ئىگىسى قىلىپ ياراتقان. ئۇنىڭغا ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھىممىتى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، تەرەققىي قىلىش، يۇقىرى پەللىگە چىقىش ئۈچۈن قۇدرەت بەرگەن. ئۇنىڭ قەلبىدە دائىم تېخىمۇ يۇقىرىغا ئۆرلەشكە، تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئېرىششكە ئىنتىلىش ئارزۇسى ياراتقان. ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىسلام دىنىدا ئىنساننىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىگە ئالاھىدە رىئايە قىلغان ۋە بۇ خۇسۇسىيىتىنى قانداق ئىشقا سالىدىغانلىقىنىڭ رىتسىپىنى نازىل قىلغان. بىز ئىرادىسى مۇستەھكەم، ھىممىتى ئالى، كەلگۈسىدىن ئۈمىدۋار، ئىشلەش روھى ئۇرغۇپ تۇرغان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە نىجاتلىققا ئېرىشىش، ئۇستۇنلۇك قازىنىش ۋە ئالغا ئىلگىرلەشنىڭ يوللىرى ئۆزىدە جۇغلانغان ئۈچ ئايەتلىك قىسقا بىر سۈرىدە بايان قىلىنغان 4 رىتسىپىنى سۇنىمىز. ئاللاھ بىزنى بۇ رىتسىپلارغا ئەمەل قىلىپ نىجاتلىققا ئېرىشتۈرسۇن.

بسم الله الرحمن الرحيم

﴿وَالْعَصْرِ ۝ إِنَّ الْإِنْسَانَ لَفِي خُسْرٍ ۝ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾ «زامان بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن پۈتكۈل ئىنسانلار ئەلبەتتە چوڭ بىر زىيانكارلىق ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقانلار زىياندا ئەمەس.»[1]

بۇ مۇبارەك سۈرە مەككە مۇكەررەمەدە، «ئىنشىراھ» سۈرىسىدىن كېيىن، «ئادىيات» سۈرىسىدىن ئىلگىرى چۈشكەن، ئۈچ ئايەتتۇر.

ئىمام ئالۇسى: بۇ سۈرە ئۆزى قىسقا بولۇشىغا قارىماي، قۇرئان كەرىمنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىنى ئۆزىگە ئىخچاملىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىمام شافىئىنىڭ: ـقۇرئان كەرىمدە مۇشۇ سۈرىدىن باشقا بىر سۈرە چۈشۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئىنسانلارغا مۇشۇ سۈرە يېتەتتى. چۈنكى بۇ سۈرە قۇرئان كەرىمنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ـدېگەن سۆزىنى قەيت قىلغان.

(1) سۈرە ئەسر: 1-3ئايەتلەر.

ئىمام تەبەرانى ۋە بەيھەقى ئۆز ئەسەرلىرىدە، ئەبۇ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۆزئارا ئۇچراشقاندا، ئايرىلىشتىن بۇرۇن مۇشۇ سۈرىنى بىر-بىرىگە ئوقۇپ ئاندىن سالاملىشىپ ئايرىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىشقان.[2]

تەپسىر ئالىملىرى بۇ سۈرىنىڭ بىرىنچى ئايىتى بولغان «ئەسر» سۆزىگە ئۈچ خىل مەنە ئېيتقان. بىرىنچىسى: «ئەسر» سۆزى مۇتلەق زامان ئۇقۇمىدا بولۇپ، ئىنسان ھاياتىدىكى پۈتكۈل زامانىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىسى: ئەسىر نامىزى دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بەش ۋاقىت نامازنىڭ ئىچىدە ئەسىر نامىزىنىڭ پەزىلىتى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئەسىر نامىزى بىلەن قەسەم قىلغان. ئۈچۈنچىسى: «ئەسرى سائادەت» يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان زامانىنى كۆرسىتىدۇ. رەسۇلۇللاھ ياشىغان ئەسىر بارلىق ئەسىرلەردىن ئۇلۇغ بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىلەن قەسەم قىلغان. ئىمام تەبەرانى بۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىنى بايان قىلغاندىن كېيىن: بۇلارنىڭ ئەڭ توغرىسى ئەسىر-مۇتلەق زامان، دېگەن قاراشتۇر، دېگەن.[3]

بۇ سۈرىدە ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ زىيانكارلىقتا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق نىجات تاپىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى «ئەسر» سۆزىدىن ئىنسانغا بېرىلگەن ئۆمۈر مەقسەت قىلىنغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىنساننىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ ئەسرىدۇر. يۈز يىللىق بىر مۇددەتنى «بىر ئەسىر» دەيمىز. قۇرئان كەرىم نازىل بولغاندىن كېيىنكى ئىنسانلارنىڭ ئۆمرى يۈز يىل ئەتراپىدا بولىدۇ. يۈز يىلدىن زىيادە ئۆمۈر كۆرىدىغانلار ئىنتايىن ئاز. ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى يۈز يىلغا بارماي دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان بىر ئۆمۈرنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا«ئەسىر» بىلەن قەسەم قىلغان.

«ئەسر» سۆزىنىڭ ئەرەبچىدىكى سۆزلۈك مەنىسى سىقىش دېگەن بولىدۇ. يەنى بىر نەرسىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىشنى ئەسىر دەيدۇ. مەسىلەن: «عَصَرْتُ الثَّوْبَ (كىيىمنى سىقتىم)» دېگەندەك. مېۋىدىن سىقىپ چىقىرىلغان سۇنى «ئەسىير» دەيدۇ. قۇرئان كەرىمدە يامغۇر بۇلۇتلىرىنى «مۇئسىرات (سىقىلغۇچى بۇلۇتلار)» دەپ ئاتاپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَنْزَلْنَا مِنَ الْمُعْصِرَاتِ مَاءً ثَجَّاجًا﴾«بىز سىقىلغۇچى بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق.»[4]

يەنى بۇ يەردە ئىنسان ئۆمرىنى زايى قىلىۋەتمەي ئۇنىڭدىن ئەڭ ياخشى شەكىلدە پايدىلىنىش ۋە ئۆزىگە، دىنىغا، ۋەتىنىگە، خەلقىگە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتنى سىقىپ ئۇنىڭ ھەربىر مىنۇتىنى چىڭ تۇتسۇن، ئۇنى قانچىلىك سىقسا شۇنچىلىك

(2) تەپسىرى ئالۇسى: 30-ج، 220-بەت.
(3) تەپسىرى تەبەرى: 30-ج، 187-بەت.
(4) نەبەئ سۈرىسى: 14-ئايەت.

كۆپ پايدىلىنالايدۇ، نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، ۋاقتىنى سىقمىغان، ئۇنى چىڭ تۇتمىغان ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلانمىغانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر،دېمەكچىبولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە زامان بىلەن يەنى ئىنساننىڭ ئۆمرى بىلەن قەسەم قىلدى. ئۆمۈر ئىنسان ھاياتىدىكى كېچە-كۈندۈز، ئەتتىگەن-ئاخشامدىن ئىبارەت ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدۇر. ئۇ تۇغۇلۇش بىلەن باشلىنىپ، ئۆلۈش بىلەن تۈگەيدۇ. لېكىن ھېچقانداق ئىنسان ئۆمرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ۋە قاچان تۈگەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئىنساننىڭ پۈتكۈل ئىش-ھەرىكەتلىرى، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۇتۇقلىرى ياكى زىيان تارتىشلىرى مۇشۇ زامان ئىچىدە بولىدۇ. ۋاقىت تۇرمايدۇ؛ كېچە-كۈندۈز توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئايلار، يىللار ھەشپەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆتكەن ھەربىر كېچە ۋە ھەربىر كۈندۈز ئىنساننىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ ۋە ئۆلۈمگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى ھەرگىز قايتۇرغىلى، ئۇ ۋاقىتتا قىلمىغان ئىشنى قىلىۋالغىلى،ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا بۇ ۋاقىت نېمىتىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى سوراپ بىزدىن ھېساب ئالىدۇ.بۇ ھەقتەرەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:{لا تزولُ قدَما عبدٍ يومَ القيامةِ حتّى يُسألَ عن أربعٍ : عن عُمرِهِ فيمَ أفناهُ ؟ وعن علمِهِ ماذا عَمِلَ بهِ ؟ وعن مالِهِ مِن أينَ اكتسبَهُ، وفيمَ أنفقَهُ ؟ وعن جسمِهِ فيمَ أبلاهُ ؟} «قىيامەت كۈنى بەندە تۆت نەرسىدىن سورالمىغۇچە ھېساب مەيدانىدىن ئايرىلالمايدۇ: ئۆمرىنى نېمە بىلەن تۈگەتتى، مېلىنى قەيەردىن تېپىپ-قەيەرگە خەجلىدى، ئىلمىگە قانداق ئەمەل قىلدى ۋە بەدىنىنى قايسى ئىشلار بىلەن چىرىتتى؟»[5]

دېمەك، ئالدىمىزدا ناھايىتى قىيىن ھېساب-كىتاب بار. ئەگەر مۇشۇ تۆت سوئالغا جاۋاب بېرەلىگۈدەك ياخشى ئىشىمىز بولسا، ئەڭ بەختلىك كىشى بولىمىز، بولمىسا ۋاي بىزنىڭ ھالىمىزغا. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنى ئىنساننىڭ ئۆمرىدىن ئىبارەت بولغان زامان بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق ۋاقىتنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ۋە قانچىلىك چوڭ نېمەت ئىكەنلىكىنى، بۇ نېمەتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىپ، ۋاقتىمىزدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىز، ۋاقتىمىزنى بىكارغا زايى قىلىۋەتمەسلىكىمىزنى ئەسلىتىدۇ.

قەسەم قىلىشنىڭ سەۋەبى ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسىنى تەكىتلەش ۋە ئۇنى كۈچلۈك بىر شەكىلدە بايان قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك سەرمايىسى بولغان ئۆمرى بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق شۇنى تەكىتلەيدۇكى،﴿إِنَّ الْإِنْسَانَ لَفِي خُسْرٍ﴾«ھەقىقەتەن پۈتكۈل ئىنسانلار ئەلۋەتتە چوڭ بىر زىيانكارلىق ئىچىدىدۇر»، يەنى يەرشارىدىكى بارلىق

(5) تىرمىزى (3592) ھەسەن سەھىھ.

ئىنسانلار قەيەردە بولمىسۇن ۋە قايسى ئىقلىمدا، يەنى يەھۇدى، خىرىستىيان، بۇددىست، كوممۇنىست، كاپىتالىست كىم بولۇشىدىن ۋە نېمىچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى زىيانكارلىق ئىچىدە، بۇ زىيانكارلىق ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قورشىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق چىقىش يولى يوق، ھالاك بولۇشى مۇقەررەر.

ئاللاھ تائالانىڭبۇ يەردە بىزگە دېمەكچى بولغان مەقسىتىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن دۇنيانى بىر دېڭىزغا ئوخشاتساق، پۈتكۈل ئىنسانلار بۇ دېڭىزدا ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ نە قىممەت قاراشلىرى، نە دىنىي ئېتىقادلىرى، نە ئىدىيۋي كۆز قاراشلىرى، نە مال-مۈلكى ۋە پەن-تېخنىكىلىرى ئۇلارنى بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئۇنداقتا بۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ يولى بارمۇ؟ ئاللاھ تائالا بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ، مۇنۇ رىتسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1-رىتسىپ ئىمان ﴿إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «(ئۇ زىيانكارلىقتىن قۇتۇلىدىغانلار) پەقەت ئىمان ئېيتقانلار»:

ئىماننىڭ مەنىسى ئۆزلىرىنىڭ كونا خاتا ئىدىيە ۋە كۆزقاراشلىرىنى تاشلاپ، ياراتقۇچى ۋە قۇتقۇزغۇچى بولغان مېھرىبان ئاللاھنى رەببىم دەپ ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىش، ھېچقانداق نەرسىنى ئۇنىڭغا تەڭ قىلماسلىق، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى رەھبىرىم دەپ قوبۇل قىلىپ بويسۇنۇشتۇر.

مانا مۇشۇنداق ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولغانلار زىيانكارلىقتىن-ھالاكەتتىن قۇتۇلىدۇ. جان ھەلقۇمغا كەلگۈچىلىك ئۆمرىنىڭ قايسى باسقۇچىدا ئىمان كەلتۈرسە، ئۇنىڭ ئىمانى قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۆتمۈش بارلىق يامان قىلمىشلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

ئىمان ئۆمرىدە قىلىدىغان بارلىق ئىشلارنىڭ ئاساسى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ھەيدىگۈچى موتۇردۇر. ئىمان ئۆمرىنى سىقىپ، بېسىپ ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ ياخشى پايدىلىنىشقا ۋە پىلانلىق ئىش قىلىشقا تۈرتكىدۇر. ئىمان مۇئمىننىڭ ئۆمۈر يولىدىكى مەنىۋى ئوزۇقىدۇر. ئىمان ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ شەرتىدۇر. ئىماندىن كەلمىگەن ئەمەل قۇرۇق شامالغا ئوخشاش ئۇچۇپ كېتىدۇ.

2-رىتسىپ ئىشلەش ﴿وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ﴾ «سالىھ ئەمەل قىلغانلار»:

ئىمان كەلتۈرۈپ ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەن كىشى ئاللاھنىڭ دىنى ئىسلامغا كىرىپ، مۇئمىن-مۇسۇلمان بولىدۇ. بۇ دىندا قانداق ھايات كەچۈرۈشنى كۆرسىتىدىغان تەلىماتلار بار. بۇ تەلىماتلار ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىس شېرىپلىرى بولۇپ، ئۇنى ئۆگىنىپ، قىلىشقا تىگىشلىك ۋە ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بىلىپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىش لازىم. مۇئمىننىڭ ياخشى ئىشلىرى ئىمانىنىڭ

مېۋىسى بولۇپ، ئۆمرىدە قىلىدىغان پۈتكۈل ياخشى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمەلى سالىھ-مۆئمىننىڭ ئۆمرىنىڭ يىللىرىدىن، ئايلىرىدىن، كۈنلىرىدىن ۋە سائەتلىرىدىن ئەڭ ياخشى پايدىلانغانلىقىنىڭ، ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مۆئمىننىڭ نامىزى، روزىسى، زاكىتى، ھەجى، كىشىلەرگە ياردەم قىلىشى، ئېتىز-ئېرىقتا ئىشلىشى، تىجارەت قىلىشى، مەكتەپلەردە دەرس بېرىشى، ئوقۇغۇچى بولۇپ دەرس مۇزاكىرە قىلىشى، ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ ئىدارە-كارخانىلاردا، زاۋۇت-فابرىكىلاردا ئىشلىشى ھەممىسى ئەمەلى سالىھ، يەنى ياخشى ئىشلاردۇر. يىغىپ ئېيتقاندا، مۆئمىن-مۇسۇلماننىڭ ھالال دائىرىدە قىلغان بارلىق ئىشلىرى سالىھ ئەمەلدۇر، ئۇ سالىھ ئەمەللىنىڭ پايدىسىنى ئالدى بىلەن ئۆزى، ئائىلىسى ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەر كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا سالىھ ئەمەل قىلغان بەندىسىنىڭ ئۆمرىگە ۋە تاپقان پۇلىغا بەرىكەت بېرىدۇ، ئاز ۋاقىتتا كۆپلىگەن ئۈتۈقلارنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ھەر دائىم ئالغا ئىلگىرلەيدۇ. مۇنداق ئىشلەمچان شەخسلەردىن مەيدانغا كەلگەن جەمئىيەت تەرەققىي قىلىدۇ، كۈچلىنىدۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېزىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن يەردە ئىماندىن كېيىنلا ئەمەلى سالىھ-ياخشى ئىش تىلغا ئېلىنىدۇ.

«سالىھ» دېگەن سۆزنىڭ سۆزلۈك مەنىسى يارامىلىق، كارغا كېلىدىغان، پايدىلىق دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ سۆزنى كۆپ ئىشلىتىش بىلەن مۆئمىنلەرنى ئۆمرىنى سىقىپ، بىسىپ ئىشلەشكە، يارامىلىق، پايدىلىق، ياخشى ئىش قىلىشقا، ئالدامچىلىق، كۆز بويامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلماسلىققا، ھورۇنلۇق قىلىپ ۋاقىتنى بىكار ئۆتكەزمەسلىككە ئۈندەيدۇ. بىزدىمۇ «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ»، «بىكار تۇرغۇچە بىكارغا ئىشلە» دېگەن گەپ بار. دىنىمىزدا ئىشلەپ چىقىرىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئىشلىگۈچىنى قەدىرلەيدۇ. بۇ توغرىدا نۇرغۇن ئايەت-ھەدىسلەر بار. تۆۋەندە ئىككى ھەدىسنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىمىز:

1-بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر ئادەم نامراتلىقتىن دەرتلىنىپ، ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۆيۈڭدە ساتقۇدەك بىر نەرسەڭ بارمۇ؟» دېدى. ئۇ: بىر كونا پالاس بار،-دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى ئېلىپ كەلگىن» دېدى. ئۇ كىشى ئۇنى ئېلىپ كېلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ پالاسنى كۆتۈرۈپ جامائەتكە: «بۇنى كىم ئالىدۇ؟» دېدى. بىر كىشى: مەن بىر تەڭگىگە ئالاي،-دېدى. رەسۇلۇللاھ: «بۇنى كىم ئىككى تەڭگىگە ئالىدۇ؟» دېدى. جامائەتنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن: مەن ئالاي،-دېدى. پالاسنى ئىككى تەڭگىگە سېتىپ، پالاسنىڭ ئىگىسىگە: «بىر تەڭگىگە ئائىلەڭگە تائام ئېلىپ بەرگىن، بىر تەڭگىگە بىر پالتا ئېلىپ كەلگىن» دېدى. ئۇ كىشى بېرىپ بىر پالتا ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇ پالتىنى

ئۆز قولى بىلەن دەستىلەپ بېرىپ، «جاڭگالغا بېرىپ بۇ پالتا بىلەن ئوتۇن كېسىپ كېلىپ ساتقىن، ئون بەش كۈن مەسجىدكە كەلمىگىن» دېدى. ئۇ كىشى جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىپ تۇرمۇشى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. ئون بەش كۈندىن كېيىن، ئۈست-بېشىغا ياخشى كىيىنگەن ھالەتتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ھالىدىن سۆيۈنۈپ مۇنداق دېدى: {والذي نفْسِي بيَدِهِ، لَأَنْ يَأْخُذَ أحَدُكُمْ حَبْلَه، فَيَحْتَطِبَ علَى ظَهْرِه؛ خَيْرٌ له مِن أنْ يَأْتِيَ رَجُلًا، فَيَسْأَلَه، أعْطاهُ أوْ مَنَعَه.} «جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ، ئۇچىسىدا ئوتۇن توشۇغىنى؛ ئۇنىڭ سورىغىنىنى بېرىدىغان ياكى بەرمەيدىغان كىشىلەردىن تىلىگىنىدىن كۆپ ياخشى».[6]

2-«سەھىھەيىن» دە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: {مَا مِن مُسْلِمٍ يغرسُ غَرْساً أو يَزْرَعُ زَرْعاً فَيَأْكُلُ مِنْهُ طَيرٌ أَو إِنْسَانٌ أَو بَهِيمَةٌ إِلاَّ كَانَ لَهُ بِهِ صَدَقَةَ} «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بىر دەرەخ تىكسە ياكى بىر نەرسە تېرىسا، ئۇنىڭدىن بىر قۇش يا بىر ئىنسان ياكى بىر ھايۋان يېسە، ئۇ كىشىگە ئۇنى سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ساۋابى بولىدۇ.»[7] بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ھەدىسلەر ئىشلەشنىڭ قىممىتىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئىشلىگەن كىشى خارلىقتا قالمايدۇ؛ ئىشلىگەن كىشى باشقىلارغا مۇھتاج بولمايدۇ؛ ئىشلىگەن كىشى جەمئىيەتتە ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك بولۇپ، ئەتىۋارلىنىدۇ.



3-رېتىسىپ ھەقنى تەۋسىيە قىلىشىش ﴿وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ﴾«ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقانلار»:

ھەق-ئىسلام ۋە ئۇنىڭدىكى قۇرئان-ھەدىستىن ئېلىنغان ھەقىقەتلەردۇر. بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىش، ئېزىپ كەتكەنلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىش، غەپلەتتە قالغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇنتۇپ قالغاننى ئەسلىتىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرى ئۈستىدىكى ۋەزىپىسىدۇر. شۇنداق قىلغاندا، ھەممە بىردەك تىنچ-ئامان، بەخت-سائادەتلىك بولغىلى بولىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىدۇ، كۈچلىنىدۇ. بۇ ئۈممەتنىڭ ياخشىلىقى مانا مۇشۇنىڭدا. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىككى نەرسىگە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ:

1-ئۆگىنىش، ئوقۇش، بىلىشكە تەرغىب قىلىش: ھەقنى تەۋسىيەقىلىش ئۈچۈن ھەقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئالدىنقى شەرت. چۈنكى بىلمىگەن نەرسىنى

(6) بۇخارى: 1470.
(7) بۇخارى: 226، مۇسلىم 1188.

تەۋسىيە قىلغىلى بولمايدۇ. بىلىش ئۈچۈن ئوقۇش، ئۆگىنىش لازىم. شۇڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: {طَلَبُ العِلْمِ فَرِيضَةٌ على كُلِّ مسلم}«ئىلىم ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» دېگەن.[8] يەنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئەر-ئايال، ياش-قېرى بارلىق مۇسۇلمانلار ئىلىم ئۆگىنىشكە تىرىشىشى، ھەر كۈنى بىر سۆز بولسىمۇ ئۆگىنىشى زۆرۈر. كۈنىمىزدە ئۆز تىلىمىزدا يېزىلغان كىتابلار، ئۆلىمالىرىمىزنىڭ دەرسلىرى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھېچكىمنىڭ بىلمەسلىككە ئۆزرىسى يوق.

2-جەمئىيەتتە ھەرقانداق كىشى مەرتىۋىسى ۋە ئىلمىي سەۋىيەسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەۋسىيەگە، نەسىھەتكە، ئاگاھلاندۇرۇشقا، ئەسلىتىشكە مۇھتاج. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئەڭ ئاز ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان پېئىل ئىشلىتىپ «تەۋاسەۋ (تەۋسىيە قىلىشقان، يەنى بىر-بىرىگە تەۋسىيە قىلغان)» دېدى. بۇنىڭدىن ئالىم-ئۆلىمالارمۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ھېچكىم مۇستەسنا ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن سالىھ كىشىلەرنىڭ،ئۆلىمالارنىڭ سۆھبەتلىرىگە ۋە ئىلىم سورۇنلىرىغا قېتىلىش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنداق سورۇنلاردا كىشى بىلمىگەننى بىلىدۇ، ئۇنتۇغاننى ئەسلەيدۇ، ياخشى ئىشلارنى تېخىمۇ كۆپ قىلىۋېلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

(8) ئىمام سۇيۇتى «جامىئۇسسەغىر» دە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان. سەھىھ ھەدىس.




4-رىتسىپ سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشىش﴿وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾«سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقانلار»:

بۇ ھايات مۇساپىسىدە ئىنسان ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا، كېلىشمەسلىكلەرگە، مەغلۇبىيەتلەرگە، ماددىي ۋە مەنىۋى چۈشكۈنلۈكلەرگە، بالا-مۇسىبەتلەرگە ۋە باشقا ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا كىشى چىداملىق بولۇپ يولىنى داۋاملاشتۇرالىشى ئۈچۈن سەۋر قىلىشقا، سەۋرنى تەۋسىيە قىلىدىغان سەممىي دوستقا مۇھتاج. ئۇنىڭدىن باشقا دىن دۈشمەنلىرى، ئىمپېرىئالىست كۈچلەر مۇسۇلمانلارنى پارچىلاپ، يۇرتلىرىنى مۇستەملىكە قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى مۇناپىقلارنى قوللىنىپ، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىچىدىكى ساتقىن-مۇناپىقلارغا ۋە سىرتتىكى دۈشمەنلەرگە قارشى تاقابىل تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ ۋەزىپىسى. بۇ ۋەزىپىنى

ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئورۇنداپ، ۋەتەننى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن سۇباتلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن ئىش قىلىش لازىم. ۋەتەننى مۇداپىئە قىلىش يولىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش، باشقا كېلىدىغان بالا-مۇسىبەت ۋە دەرت-ئەلەملەرگە سەۋر قىلىپ، بوشاشماستىن ئىشلەش، چىداملىق بولۇش، بەل قويۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىر-بىرىگە سەۋر قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاجىز، ئۆزى يالغۇز سەۋر قىلىپ كېتەلمەيدۇ، قېرىنداشلىرىنىڭ تەۋسىيەلىرىگە موھتاج. بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىش-ئاغزاكى سەۋر قىلىڭ دەپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇشقا، تەۋرەنمەسلىككە، توختاپ قالماسلىققا، ۋاز كەچمەسلىككە ۋەدە قىلىشىش، قولىدىن كېلىشىچە بىر-بىرىگە ھەمدەم بولۇش، ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش، بىرلىكتە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ تۇغدۇرۇش، بېشىغا مۇسىبەت كەلگەن قېرىندىشىنى يالغۇز تاشلاپ قويماسلىقتۇر.

بۇ مۇبارەك سۈرە بىزگە بۇ پايانسىز دۇنيا ھاياتىدا بىزگە بېرىلگەن ئۆمرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىپ، ۋاقتىمىزدىن ئەڭ ياخشى شەكىلدە پايدىلىنىشقا، ياراتقۇچىمىز ۋە مېھرىبان ئىگىمىز بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىپ، رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەن يولدىن مېڭىپ، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشقا، بۇ يولدا بىر-بىرىمىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە يول باشلاپ، بىر-بىرىمىزگە ھەقنى ۋەسەۋرنى تەۋسىيە قىلىپ يولىمىزدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا، دىنىمىزغا قارشى چىققان، مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلغان ئىچكى ۋە سىرتقى دۈشمەنلەرگە قارشى بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشقا، سۇباتلىق ۋە چىداملىق بولۇشقا چاقىرىدۇ. شۇنداق قىلساق، بۇ دۇنيادا ئەزىز ۋە كۈچلۈك بولىمىز، ئۈستۈنلۈك بىزنىڭ بولىدۇ، ھەممە يەردە گېپىمىز ئۆتىدۇ، ھېچكىم بىزنى بوزەك قىلالمايدۇ، بىزگە زۇلۇم قىلىپ خورلىيالمايدۇ، بىزنى ئېزەلمەيدۇ. ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىمىز، مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەت ۋە نازۇ-نېمەت يۇرتى بولغان جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىمىز.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
تاھىرجان ئابباس





# كىيىنىش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

تاھىرجان ئابباس

كېيىنىش-ھەرقانداق مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە پىكىرلىشىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇزاكىرە يىغىنى. ئۇ، كۆپىنچە خەلق ۋە مىللەتلەردە ئومۇملاشقاندەك تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت سەمەرەلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالىدىغان بولساق، كونا تۈرك قەبىلىلىرى ئۆز ئارىلىرىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى توي ياكى قۇرۇلتاي يىغىنلىرىدا مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىپ كەلگەن. ئوسمانلى دەۋرىدە سۇلتانلار دۆلەت مەسىلىلىرىنى «دىۋان-ھۇمايۇن» دەپ ئاتىلىدىغان يىغىنلاردا ھەل قىلىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە، گەرچە دىۋان-ھۇمايۇن بولمىسىمۇ، ئەمما دۆلەتنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرى مۇزاكىرە قىلىنىدىغان ئىككى مۇھىم مەسلىھەت كومىتېتى بار. ئۇلارنىڭ بىرى مىنىستىرلار كېڭىشى، يەنە بىرى دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشى.

ئىنسانلارنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سېزىمى چەكلىك بولغىنىدەك، تەپەككۇر ۋە باھالاش ئىقتىدارىمۇ چەكلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەممە ئادەمنىڭ ئوي-پىكرى ساغلام ۋە مەسىلىلەرنى بايقاش تۈيغۇسى توغرا بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئىش ياكى ھەرىكەتتىن بۇرۇن باشقىلار بىلەن كېڭەش قىلىش، پىكرىنى ئېلىپ، بامەسلىھەت ئىش كۆرۈش، ساغلام ئىش ئېلىپ بېرىشنىڭ كاپالەتچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىي سەۋىيەسى، خىزمەت، ئائىلە، مائارىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە باشقا بارلىق ساھەلەردە مەسلىھەت بېرىش ۋە مەسلىھەت ئېلىش سەۋىيەسىگە قاراپ ئۆلچىنىدۇ.

كېڭەشنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىسلام مەنبەلىرىگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، كېڭەش پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىي قارىشى ۋە خىزمەت مىزانىي، بولۇپمۇ بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا سىستېمىلىق ئېلىپ بارغان، ھەمدە ئۈممەتتىكە پىرىنسىپ سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئالاھىدە مىراسىدۇر. چۈنكى كېڭەش ياكى بامەسلەھەت ئىش قىلىش-ئىجتىمائىي تىنچلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسىي

ۋە ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچىدۇر.

كېڭەش قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇلارنىڭ بىرىدە جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ساھابە كىراملار بىلەن كېڭەشلىك ئىش ئېلىپ بېرىشقا ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ).[1]

يەنە بىر ئايەتتە مۆمىنلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنىپ، شۇ قاتاردا (....ئىشلىرىنى ئۆزئارا كېڭەش بىلەن قىلىدۇ...)[2] دەپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئۆزگىچىلىكى ئالاھىدە قەيت قىلىنغان.

كېڭەش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچىنچى ئايەت بولسا، ئائىلىنىڭ، خۇسۇسەن ئاتا-ئانىنىڭ ئۆزئارا مەسىلىلىرىنى كېڭىشىپ[3] ھەل قىلىش ھەققىدىكى ئايەتتۇر.

بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، كېڭەش مەسىلىسى، پەقەت ئائىلە ياكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى يۇقىرىسى خەلقئارا مۇناسىۋەتتىن باشلاپ تۆۋىنى ئۆيۋاق سېتىۋېلىش، ھەتتا كىيىم-كېچەك سېتىۋېلىشقا قەدەر ھەممە ئىشتا ئەھمىيەت ئىگىسى ۋە سالاھىيەت ساھىبلىرى بىلەن مەسلىھەت ئىش ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي نازىل قىلىنغان ئىشلاردىن باشقا ھەر قانداق مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە، بولۇپمۇ ھەربىي يۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلاردا كېڭەش بىلەن ئىش قىلىشقا سەل قارىغان ئەمەس. ئالىدىغان بولساق، ئۇ زات ئۇھۇد ئۇرۇشى ئالدىدا، ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىدە تۇرۇپ قوغدىنىش ياكى مەدىنىنىڭ سىرتىدا دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش توغرىسىدا كېڭەش ئېلىپ بارغان. كېڭەشتىكىلەرنىڭ بەزىسى مەدىنىدە تۇرۇپ قوغدىنىشنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، يەنە بەزىسى مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش تەكلىپىدە بولغان. نەتىجىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشايلى دىگۈچىلەرنىڭ پىكرى بويىچە بىر قارارغا كېلىپ، ساۋۇتلىرىنى كىيىپ ئۇرۇشقا تەييار بولغاندا، كېڭەشتە ئۇرۇشقا چىقىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇرۇشقا زورلاپ قىيىن ئەھۋالدا قويۇشتىن ئەنسىرەپ مەدىنىدە تۇرۇپ قوغدىنىش پىكرىگە كەلگەن. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كېيىنكى پىكرىگە مايىللىق كۆرسەتمەي، «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ساۋۇتنى كىيگەندىن كېيىن، ئاللاھتىن بىر ئەمىر كەلمىگىچە ساۋۇتنى چىقىرىشى

(1) سۈرە ئال ئىمران، 159-ئايەت.
(2) سۈرە شۇرا، 37- ۋە 38-ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.
(3) (ئەگەر ئاتا-ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ.) سۈرە بەقەرە 233-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

توغرا ئەمەس» دەپ ئۇرۇشقا ئاتلانغان.

دەسلەپكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ھاياتىمۇ بىزگە ئۇلارنىڭ ئىسلام شۇرا پرىنسىپلىرىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئالىدىغان بولساق، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن كېيىنكى خەلىپىلەر شۇرا-كېڭەش ئارقىلىق خەلىپىلىككە سايلانغان. ئۇلار ئايەت، ھەدىس ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ئىشلاردا ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ مۇرادىنى ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسىتىنى ئەڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىنى تۇتۇپ كەلگەن. كېڭەش ئارقىلىق ئېلىنغان قارارلارنى ئىجرا قىلىشتا ئۆكتىچىلەرمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان. بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى: ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خىلاپەت دەۋرىدە، بىر قانچە ئەرەب قەبىلىلىرى مۇرتەد بولۇپ باش كۆتۈرىدۇ. بۇ مەسىلىدە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ساھابە كىراملارنىڭ چوڭلىرى بىلەن يىغىلىپ ئىستىشارە قىلىدۇ. ئىستىشارىدىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى: «مەسىلە ئىستىشارە قىلىندى، ئۇرۇشقا قارار قىلىمەن، بىرمۇ ئەسكەر قالماي ھەممىسى ئۇرۇشقا ھازىر بولسۇن» دەيدۇ. بۇيرۇققا بىنائەن، پۈتۈن قوشۇن جەڭ مەيدانىغا يىغىلىدۇ. دۈشمەن تەرەپ،-بۇنچە كۆپ قوشۇن بۇ مەيدانغا ھازىر بولغان بولسا، مەدىنىدە يەنە قانچىلىك ئەسكەر قالغاندۇ!-دېگەن ئەندىشە بىلەن دەرھال تىنچلىق تەكلىپىنى سۇنۇشقا ۋە تەلەپ قىلىنغان شەرتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە تالانتى يەنە بىر قېتىم ئاشكارا بولىدۇ. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار ئۇرۇش-جېدەلسىز كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

كېڭەش پەقەتلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر ئىدىيە ئاساسىدا باشقىلار بىلەن بىرگە ئىناق ياشاش مۇھىتى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەت ۋە ئىدىيەۋى ئىختىلاپلارنى ئوڭۇشلۇق بىتەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر.

كېڭەشتىن مەقسەت، ئەتراپىغا ئاۋاز توپلاپ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى يەرگە ئۇرۇش بىلەن ئۆز پىكرىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئەمەس، بەلكى مەسىلىنى كوللېكتىپ ئەقىل بىلەن ھەل قىلىش يولى ئىزدەشتىن ئىبارەتتۇر.

توغرا، ھەممە ئادەمنىڭ ئىقتىدارلىق ۋە غەلىبىكار رەھبەر بولۇپ چىقىشى ناتايىن. لېكىن لاياقەتلىك شەخسلەرنى كۆزىتىپ، شارائىت يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈش، يەنىلا تەربىيەتچى ئۇستاز ۋە يېتەكچى رەھبەرلەرنىڭ سەمىمىي ئىخلاسى ۋە ئەقىل پاراسىتى بىلەن بولىدۇ. تەربىيەتچى-رەھبەر سالاھىيىتىدىكى شەخسلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى چارۋا-مالغا ئوخشاش تاياق بىلەن قايسى

تەرەپكە ھەيدىسە شۇ تەرەپكە مېڭىشقا كۆندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەركىن پىكىر، ئەركىن تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئىگىلىۋېلىشىغا بولمايدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئاڭسىز روبوتتىن پەرقى قالمايدۇ. بۇنداق شارائىتتا تەربىيەلەنگەن كىشىلەر ئىچىدىن بىرەر رەھبەر ياكى يېتەكچى ئۇستازلارنىڭ يېتىلىپ چىقىشىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، بۇنداق جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرگەن كىشىلەر، گەرچە قوماندانىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىخلاسمەن، سادىق ۋە ياخشى كىشىلىرى بولسىمۇ، لېكىن قوماندانىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلار باشسىز پادىغا ئوخشاش، ئاسانلا بۆلۈنۈپ تارقىلىپ كېتىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، ھەممە ئىشتا ھەممە ئادەم بىلەن كېڭەش قىلىنمايدۇ. كېڭەش ھەر ئىشنىڭ ئەھلى ۋە ھەر كەسىپنىڭ ئۇستىسى بىلەن قىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىگە قارىتا بىر قانچە پىرىنسىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

### بىرىنچى، ئىلىملىك ۋە سالىھ كىشىلەردىن بولۇشى.

بۇ ھەقتە ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن: «سالىھ ۋە بىلىملىكلەر بىلەن بامەسلىھەت ئىش كۆرۈڭلار»[4]. يەنە ھەزرىتى ئۆمەر: «ئاللاھتىن قورقىدىغان تەقۋادار كىشىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىڭلار» دېگەن ئىكەن.

### ئىككىنچى، ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇشى.

(4) تەبەرانى رىۋايىتى.

«ئەقىللىق بىلەن مەسلىھەت قىلىش غەلىبە، ھاماقەت بىلەن مەسلىھەت قىلىش مەغلۇبىيەت» دېگەن گەپ بار. ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەقىللىقنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىڭلار، توغرىنى تاپالايسىلەر، ئۇلارغا قۇلاق بەرمىگەنلەر پۇشايمانغا قالىدۇ»[5].

### ئۈچىنچى، تەجرىبىلىك، يەنى ئىشنىڭ ئەھلى بولۇشى.

چۈنكى پۈتۈن ئىش ئەقىلگە، ئەقىل بولسا تەجرىبىگە ئاساسلىنىدۇ. ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن: «تەدبىرلىك ئادەم، ئىشنىڭ ئەھلى بىلەن كېڭەش قىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ»[6].

ھەزرىتى لوقمان ھەكىم مۇنداق دېگەن ئىكەن: «قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى، شۇ ئىشنى قىلىپ باققان ۋە تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكىن! چۈنكى ئۇ ئۆزىگە قىممەت توختىغان تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ساڭا ھەقسىز بېرىدۇ»[7].

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەمىن-ئىشەنچلىك، سەمىمىي، كەلگۈسىنى كۆرەلەيدىغان، زېرەك ۋە تەندۇرۇست بولغان كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش لازىم. مەزكۇر شەرتلەر تېپىلمايدىغان كىشىلەر بىلەن كېڭەش قىلىش توغرا ئەمەس.

بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق كەلگەن: «كېڭەش قىلىنغان كىشى

(5) ئىمام ماۋەردى رىۋايىتى.
(6) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(7) ئىمام ماۋەردى رىۋايىتى

ئىشەنچلىك كىشىدۇر، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە لايىق كۆرگىنىنى باشقىلارغىمۇ تەۋسىيە قىلىدۇ»[8].

«مەسلىھەت سورىغۇچىغا بىلىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىگەن كىشى خىيانەت قىلغان بولىدۇ»[9]. شۇڭا، كېڭەش بىلەن قىلىنغان ئىش خاتا بولسىمۇ، كېڭەش قىلىنمىغان ئىشتىن كۆپ ياخشى. «با مەسلىھەت ئىش قىلغان كىشى تاغدىن ئاشىدۇ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلغان كىشى يولدىن». «بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، سورماسلىق ئەيىپ» تۇر.

بولۇپمۇ سالىھ ۋە دانالار بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلىشقا سەل قارىماسلىق لازىم. دانالار بىلەن بامەسلىھەت ئىش كۆرگەن كىشى غەلىبە قىلىدۇ، ھاماقەتلەر بىلەن ئىش كۆرگەن كىشى مەغلۇپ بولىدۇ. ھەر ئىشنى ئۆز ئەھلىدىن سوراش، ھەر كەسپنى ئۆز ئۇستىسىدىن ئۆگىنىش كېرەك.

ئىمام ئەبۇ يۇسۇپنىڭ ئۆزۈكىگە مۇنداق يېزىلغان ئىكەن: «مەسلىھەت ئالماي ئىش كۆرگەن كىشى پۇشايمان قىلىدۇ». بۇ بىزگە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالماي، ئىش ئەھلى بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلىشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيىتى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۆز پىكرىگە ئىسىلىۋېلىپ، كېڭەشسىز ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىش نىسبىتى چەكلىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆز پىكرىگە ئىسىلىۋالغان كىشى ئۇمىدسىزلىنىدۇ». «مېنىڭ پىكرىم توغرا»دەپ، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىق جاھىللىق بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان:«ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدىغان كىشى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىشتا تەرسالىق قىلغان كىشىدۇر»[10]. يەنە بىر ھەدىستە: «ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىلەردە جاھىللىق قىلغانلار، جاھىللىقىدىن ۋاز كەچمىگۈچە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقىدۇ»[11].

ھەقىقىي مۆمىن، باشقىلار ئۇنىڭدىن مال-مۈلكى ۋە ھاياتىنى بىخەتەر ھېس قىلغان كىشىدۇر. ئىشەنچ ۋە خىيانەت مال-مۈلكتە يۈز بەرگىنىدەك، سۆز ۋە ھەرىكەتتىمۇ يۈز بېرىدۇ. بىر ھەدىس شەرىپنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا «مەسلىھەت سورالغان كىشى ئەمىن بولۇشى كېرەك» دېيىلگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، توغرا ۋە دۇرۇسلۇق مۆمىننىڭ سۈپىتى بولغىنىدەك، كېڭەشتە قىلىنغان گەپ سۆز ۋە ئېلىنغان قارارلارنىمۇ باشقىلارغا پاش قىلماسلىق مۆمىننىڭ سۈپىتىدۇر. كېڭەش ئەھلىنىڭ سەمىمىي ۋە راستچىل بولۇشى ئالاھىدە شەرت قىلىنىدۇ. گوياكى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆزى ئىشىنىدىغان كىشىگە ئامانەت قىلغىنىدەك،

(8) تەبەرانى رىۋايىتى.
(9) ئىبنى جەرىرر رىۋايىتى.
(10) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(11) ئىبنى ئەبۇ دۇنيا.

كېڭەش ۋە مەسلىھەت ئىشلىرىنىمۇ راست سۆزلۈك، سەممىي ۋە تەقۋادار ئادەملەر بىلەن قىلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

كېڭەشنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەربىيى، بامەسلىھەت ئىش قىلماي، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ نادامەتكە قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى، كېڭەش بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم مەھرۇمىيەتتىن پۇشايمان قىلمايدۇ. بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىغا مۇنداق تەۋسىيەدە بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىشلىرىڭلارنى مەسلىھەت بىلەن قىلىڭلار، ئەينى ۋاقىتتا مەن جەننەتتە چەكلەنگەن مېۋىنى يېيىشتىن بۇرۇن پەرىشتىلەر بىلەن كېڭەش قىلغان بولسام، مۇسىبەتكە يولۇقۇپ، پۇشايمانغا قالمىغان بولاتتىم».

ئىسلام پىرىنسىپىدا كېڭەش ھەيئىتى، يېتەكچى-رەھبەرلەرنىڭ ئۆز رايى بويىچە يەككە ھەرىكەت قىلىپ، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئەڭ مۇھىم ۋە قىممەتلىك ئورگان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ دىققىتىدىن قاچقان نەرسە باشقا بىرىنىڭ نەزىرىدىن قاچماسلىقى مۇمكىن، بىرىنىڭ ئەقلىگە كەلگەن نەرسە يەنە بىرىنىڭ ئەقلىگە كەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر رەھبەر ياكى يېتەكچىنىڭ مۇھىم دەپ قارالغان پۈتۈن ئىشلاردا قارار ئېلىشتىن بۇرۇن، شۇ ئىشنىڭ ئەھلى، ياكى پىكىر ۋە تەجرىبە ئىگىلىرى بىلەن مەسلىنى تەپسىلىي كېڭەش قىلىشى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشى بىر تەرەپتىن شۇ مەسىلىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كېڭەشكە قاتناشتۇرۇلغان كىشىلەرنىڭ تاللاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ، ئەقىل ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدۇ، شۇنىڭدەك، ئۇلارنى مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقىمۇ ئادەتلەندۈرىدۇ. بۇمۇ باشقىلارنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈشتە، تەپەككۇر قۇۋۋىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئامىللاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاخىرىدا قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، كېڭەش ئەزالىرى قارانىيەت ۋە تاماخور بولماسلىقى، ئورتاق قىممەت قاراش پىرىنسىپىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى، باشقىلارنىڭ پىكرىنى تەنقىد قىلىشتا ئىلمىي ۋە دۇرۇست بولۇشى، شۇنىڭدەك ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يىقىتىپ، ئورنىنى ئېلىشنى قارىغا ئالماستىن، بەلكى خاتا ۋە زىيانلىق قارارلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەمدە كۆرۈلۈشى ئېھتىماللىق بولغان خاتالىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باشقا ئەقىللەرنىمۇ غىدىقلاپ، توغرا ۋە ساغلام قارارلارنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىشى ئالدىنقى شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت



# 19-ئەسىردە شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىدا چاقنىغان پارلاق يۇلتۇز ھۈسەيىنخان تەجەللى



مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

## كىرىش سۆز

تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزلىرى ئىپتىخارلىنىدىغان ھەمدە ئۈلگە قىلىدىغان مەشھۇر تۆھپىكارلىرى، كاتتا ئالىملىرى بولىدۇ. 19-ئەسىردەك زۇلمەتلىك زامانلاردىمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ يىراق بىر چېتىگە جايلاشقان ئۇنتۇلغان دىيار شەرقىي تۈركىستاننىڭ دىنىي ھەم پەننىي شۇنداقلا تىببىي ئىلىم ئاسمىنىدا چاقنىغان پارلاق يۇلتۇزى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىپتىخارى ھۈسەيىنخان تەجەللى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئالىملىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

تەجەللىنىڭ ئىجادىيەتلىرى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى ئۆزئارا باغلاشتۇرۇش ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي ھاياتىنى ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بېرىشتەك مۇھىم قىممىتى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇ كۆپ تىللىق شائىر بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، پارس، ئەرەب، ھىندى تىللىرىدىمۇ شېئىر يېزىپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئوي-پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، پەلسەپىۋى مۇلاھىزىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، مەنتىقە باغلىنىشچانلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تىلىنىڭ گۈزەل، نەپىسلىكى، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇخىل رەڭدارلىقى ھەمدە بەدىئىي سۈپەتلەش ئېلېمېنتلىرىغا باي بولۇش، كۈچلۈك لوگىكىلىقا ئىگە بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

## ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ ئىپتىخارى، مەشھۇر دىنى ھەم پەننى ئالىم، ئىستېداتلىق شائىر، داڭلىق تېۋىپ ۋە مول سەمەرىلىك ئەسەرلىرى بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئالقىشىغا، ئۆلىمالىرىنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن ھۈسەيىنخان تەجەللى ھەزرىتىم مىلادى 1848-يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر ۋىلايىتى

قاغىلىق ناھىيىسى زۇڭلاڭ يېزا ئايباغ كەنتىدە قۇتبىدىن شاھ ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى قۇتبىدىن شاھمۇ يېتىشكەن دىنى ئالىم، ئىستىپداتلىق شائىر ھەمدە داڭلىق تېۋىپ بولۇپ، ئىلمى مۇھىت قاپلىغان بۇ مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان ھۇسەيىنخان تەجەللى كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىم-مەرىپەتكە چەكسىز ئىشتىياق باغلىغان ھالدا ئۆسۈپ يېتىلگەن.



## ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ تەخەللۇس ۋە ئاتاقلىرى

ئىنسان بۇ دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقاندا نام-ئاتاقسىز تۇغۇلىدۇ. تۇغۇلغان كۈنى ياكى يەتتىنچى كۈنى دادىسى ياكى مەھەللە ئىمامى ئۇنىڭغا ئەتراپلىق ئويلىشىپ يېقىملىق ۋە مەنىلىك ئىسىم قويىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنسان ئىسمى بىلەن چاقىرىلىپ، تونۇلۇشقا باشلايدۇ. دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىنسانلار نام-نىشانسىز ھالدا ئەنە شۇ ئىسمى بىلەنلا دۇنيادىن كېتىدۇ. يەنە بەزىلىرى ئەنە شۇنداق ئاززۇلاپ قويۇلغان مۇبارەك ئىسمىنىمۇ تۇرلۇك جىنايەت كىرلىرى بىلەن بۇلغاپ، ھەر خىل قەبىھ لەقەم-ئاتاقلارنى ئۇستىگە يۈكلىگەن ھالدا شەرمەندىلەرچە دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

يەنە ئاز ساندىكى بىر قىسىم تىرىشچان، جاسارەتلىك، ھەمدە دىنى، ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان تۆھپىكار كىشىلەر بولسا خەلق قەلبىدىن مەڭگۇ ئورۇن ئالىدۇ. خەلقمۇ چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا تۇرلۇك پەخرى نام-ئاتاق ۋە ئۇنۋانلارنى بېرىدۇ.

تۆھپىكار ئالىم، بۈيۈك ئەدىب، شەرقىي تۈركىستان ئوغلانى ھۇسەيىنخان تەجەللىمۇ ئەنە شۇنداق خەلق سۆيگەن ئۇلۇغ زاتلارنىڭ بىرىدۇر.

شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى ھۇسەيىنخان بولۇپ، ئۇ ئىلمىي ھاياتىدىن باشلاپ ۋاپاتىغا قەدەر بولغان جەريانىدا نۇرغۇنلىغان پەخرىي نام-ئاتاقلار بىلەن تونۇلغان بولۇپ، تۆۋەندە بىز بۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

بىرىنچى: مەۋلىۋى، مەۋلانا: شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئادەتتە ھىندىستان ياكى پاكىستاندا ئىلىم تەھسىل قىلغان ئالىملارنى «مەۋلىۋى»، «مەۋلانا» دەپ ئاتايتتى. بۇ ئەسلىدە

ئەرەبچە «مەۋلا»دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن سۆز بولۇپ، «غوجام، ئىگەم» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ھۈسەيىنخان تەجەللى ھىندىستاننىڭ «دارۇل ئۇلۇم» ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى «مەۋلىۋى»، «مەۋلانا» دەپ ئاتىغان[1].

ئىككىنچى: ھەزرىتىم: «ھەزرىتىم» كەلىمىسىنىڭ ئەسلى يىلتىزى ئەرەبچە بولۇپ «ھازىر بولۇش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئاخىرقى «مىم» ھەرپى بولسا «ھاجىم»، «قارىم»، «داموللام» «ئاخۇنۇم»، «خەلىپىتىم» دېگەن كەلىمىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرگەنگە ئوخشاشلا مەزكۇر كەلىمىدىمۇ ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ خىل ئاتالغۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا كەڭرى تارقالغان. «ھەزرىتىم» كەلىمىسى ئادەتتە ئۇلۇغ، كاتتا كىشىلەر ۋە شەيخ-ئۇستازلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ، ھەمدە «غوجام، مەن ھەر دائىم ھوزۇرىڭىزدا، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

ئۈچىنچى: ھۈسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى ھەزرىتىم: بۇ خىل ئاتالغۇ شائىرنىڭ ئىسمى ۋە ئىككى تەخەللۇسى بىلەن بىرگە چوڭ دادىسى ئەكبەر شاھنىڭ ئىسمى بىلەن بىرىكتۈرۈلگەن مۇرەككەپ ئاتىقى بولۇپ، بۇ ئادەتتە ھۈسەيىنخان تەجەللىنى تونۇشتۇرۇش جەريانىدا قوللىنىلىدۇ. بولۇپمۇ شائىرنىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىھاللىرىدا ئەنە شۇنداق تولۇق شەكلى بىلەن يېزىلغان[2].

(1) مۇختار مامۇت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 119-بەت.

تۆتىنچى تەجەللى: «تەجەللى» كەلىمىسى نۇر چېچىش، چاقناش دېگەن مەنىلەردە كېلىدىغان ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بۇ تەخەللۇس شائىرنىڭ ھىندىستان ۋە ئىراندا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىلىم ئاسمىنىدا قۇياشتەك پارلىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان ئىدى. شائىر بۇ تەخەللۇسنى ئۆزىنىڭ «بەرقۇ تەجەللى» ئىسىملىك فارسچە قەسىدىلىرىدىمۇ بىر قانچە يەردە قوللانغان[3].

بەشىنچى: مۇجەللى: «مۇجەللى» كەلىمىسى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئەسلىدە «بەيگىدە بىرىنچى بولغان ئات» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ تەخەللۇسنىڭ كىملەر تەرىپىدىن قويۇلغانلىقى ئېنىق مەلۇم بولمىسىمۇ، ئەمما بىز ئۇنى شائىرنىڭ «سەبقۇ مۇجەللى» ناملىق 788 بېيىتتىن تەركىب تاپقان ئەرەبچە چوڭ ھەجىملىك شېئىرلار توپلىمىدا ئۈچ يەردە ئۇچرىتالايمىز4.

ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ دوست-يارەنلىرىدىن مەشھۇر ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ

(2) مۇختار مامۇت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 167-/36-/1-بەتلەر.
(3) ھۈسەيىن خان تەجەللىنىڭ «بەرقۇ تەجەللى » ناملىق دىۋانىنىڭ 52-بېتىگە قاراڭ.
(4) ھۈسەيىن خان تەجەللىنىڭ «سەبقۇ مۇجەللى » ناملىق دىۋانىنىڭ 195-/29-/6-بەتلىرىگە قاراڭ.

«مىفتاھۇل ئەدەب» ناملىق ئەسىرىدىن ئىككى ئورۇندا ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ شېئىرلىرىغا ئورۇن بېرىدۇ ۋە بۇلار «مەۋلانا تەجەللى مۇجەللىنىڭ شېئىرى» دەپ ئوچۇق بايان قىلىش ئارقىلىق ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ «مەۋلانا، تەجەللى، مۇجەللى» قاتارلىق تەخەللۇسلار بىلەن مەشھۇر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتىدۇ.[5]

ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئەنە شۇنداق بىر قانچە پەخرىي ئۇنۋانلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆمۈمى خەلق ئارىسىدا ئەڭ كۆپ تونۇلغان تەخەللۇسى بولسا «تەجەللى» دىن ئىبارەتتۇر.

## ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ جىسمانى ۋە ئەخلاقى سۈپەتلىرى

ھۆسەيىنخان تەجەللى ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق، ئورۇق، قويۇق ساقاللىق، بۇغداي ئۆڭ، چەبدەس كىشى ئىدى. يۈزىدىن ھەر دائىم نۇرانە تەبەسسۇم، كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك يېغىپ تۇراتتى. جەسۇر، جاپاغا چىداملىق، ۋە غەيرەتلىك كىشى ئىدى.[6]

## ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ نەسەبى ۋە نەۋرە-چەۋرىلىرى

ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ دادىسى:
ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى قۇتبىددىن شاھ بولۇپ، قۇتبىددىن شاھ 1780-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيىسىدىكى داڭلىق تېۋىپ ۋە دىنى ئالىم ئەكبەر شاھ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە 1886-يىلى 106 يېشىدا ۋاپات بولغان. قۇتبىددىن شاھ كىچىكىدە دادىسىدا ۋە يۇرت ئۆلىمالىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، مىسىرغا سەپەر قىلىپ بۇ يەردە تىبابەت، ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلغاندىن كېيىن ئانا ۋەتىنىگە قايتىپ تىبابەت بىلەن شۇغۇللانغان.

قۇتبىددىن شاھ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىستېبداتلىق ئالىم ۋە مەشھۇر تېۋىپ ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئەينى زاماندا نۇرغۇنلىغان جاھىل خاراكتېرلىك ساقايماس كېسەللەرمۇ ئۇنىڭ قولى بىلەن شىپا تاپاتتى. ئۇ يەنە ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، ھەتتا خەنزۇچىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران، ئىراق، كۇۋەيت، ھىندونېزىيە، سىرلانكا، بۇلغارىستان، بۇخارا ۋە بېيجىڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە شەھەرلەرگە بارغان، ھەمدە بەزى جايلارغا تەكلىپ بىلەن بېرىپ كېسەل داۋالىغان.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قۇتبىددىن شاھ 777 پارچە چوڭ-كىچىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ «رىسالەتۇ ئىرشادىسسالىكىن»، «ساقىينامە» قاتارلىق ئىككى شېئىرلار توپلىمىدىن باشقا بارلىق ئەسەرلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.[7]

ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئانىسى:

(5) ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «مىفتاھۇل ئەدەب» ناملىق كىتابىنىڭ 36-بېتىگە قاراڭ.
(6) «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1986-يىل، ئومۇمىي 18-سان، 99-بەت.
(7) مۇختار ماموت مۇھەممەدىي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 33-، 37-بەتلەر.



تەجەللىنىڭ قاغىلىقتىكى نەۋرە - چەۋرىلىرى ۋە بىر قىسىم قەلەمكەشلەر

ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئۇممۇ گۈلسۇم بولۇپ، ئۇ سەئىد جالالىدىن ھەزرىتىمنىڭ قىزى ئىدى. ئەپسۇس، يولدىشى قۇتبىدىن شاھ بىلەن بىرلىكتە ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا پاكىستاننىڭ گىلگىت شەھىرىدە كېسەللىك سەۋەبىدىن يول جاپاسىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قازا قىلغان.

ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئاياللىرى: ھۈسەيىنخان تەجەللى ھاياتىدا ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى ئايالىنىڭ ئىسمى مانىسا ئىدى. مانىسا خانىم ئۇنىڭغا سەييىد ئەبۇل ھۇداخان، سەييىد رۇھۇل ھۇداخان، سەييىد نورۇل ھۇداخان، سەييىد زۇئۇل ھۇداخان، قەمەرنىساخان، ئالىيەخان، ھەسسانى خان، مەھبۇبىخان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۆت ئوغۇل ۋە تۆت قىز پەرزەنت تۇغۇپ بەرگەن.

ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۆيلەنگەن ئايالىنىڭ ئىسمى زىننەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن كارامەتنىسا ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. بىراق، بەختكە قارشى سەييىد ئەبۇل ھۇداخان ۋە سەييىد نورۇل ھۇداخاندىن باشقا باللارنىڭ ھەممىسى بىر قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىككى ئوغۇلدىن كۆپەيگەن ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرى 45 كە يەتكەن بولۇپ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە تارقىلىپ ياشىماقتا[8].

(8) مۇختار مامۇت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل،25-/16-/2-/4-بەتلەر.

## ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئىلمىي ھاياتى ۋە سەپەرلىرى

قۇتبىددىن شاھ كۆزلىرىدىن ئەقىل پاراسەت چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ئوغۇلنى ئوقۇش يېشىغا يەتكەن ھامان دىنى ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىگە نۇرغۇن جاپالار ئىلىپ كەلدى. قۇتبىددىن شاھ شۇ يىلى ھەجنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئامراق ئوغلى ھۆسەيىنخان تەجەللىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە مەككە شەھرىدە تۇرۇپ قالدى.

ھۆسەيىنخان تەجەللى مەككىدىكى مەلۇم بىر مەسچىتتە ئوقۇيدىغان قۇرئان دەرسى بىلەن بىرلىكتە تەۋەلىكتىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش ھاياتىنى باشلىۋەتتى. ئۇ قەلبىگە سىڭگەن ئوتتەك بىلىم ئىشتىياقىنىڭ تۈرتكىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى. قۇتبىددىن شاھ ئوغلىنىڭ ئوقۇش نەتىجىلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ياراملىق بىر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى-، دە، ئۇنى شۇ دەۋرلەردە ئۇستازلىرىنىڭ سەرخىللىقى، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئىلغارلىقى، ھەمدە كاتتا ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان ھىندىستاننىڭ دىيۇۋەند شەھىرىگە جايلاشقان «دارۇل ئۇلۇم»[9] ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىلىپ باردى. ھۆسەيىنخان تەجەللى بۇ گۈزەل بىلىم باغچىسىدا ئوقۇش ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى. ئۇ بۇ يەردە بىر تەرەپتىن ھەدىس، تەپسىر، پىقھى قاتارلىق تۆرلۈك دىنى بىلىملەرنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن دەرستىن سىرت ھىندىستاننىڭ دۇنياغا داڭلىق تىبابەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ تېبابەت نەزەرىيىسىنى كىتابتىن ئۆگىنىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، دەم ئىلىش كۈنلىرى ۋە دەرستىن چۈشكەن چاغلاردا مەشھۇر تېبابەت ئۇستىلىرىغا شاگىرت بولۇپ دورا ئۆسۈملۈكلەرنى تونۇش، مۇرەككەپ دورىلارنى ياساش ۋە كېسەل كۆرۈش قاتارلىق تۆرلۈك ساھەلەردە پىشىپ يېتىلدى.

«يەر سۇغا تويماپتۇ، ئالىم ئىلىمگە» دېگەندەك، ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ قەلبىدە ئىرانغا بېرىش ئىستىكى تۇغۇلدى. چۈنكى ئەينى يىللاردا ئىران بىلەن ھىندىستان تىبابەت ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت ھېسابلىناتتى. ھۆسەيىنخان تەجەللى ھىندىستاندىكى تېبابەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەمدى ئىراندىكى تېبابەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىپ، مۇكەممەل بىر تېببى ئىلىم خەزىنىسىنى ئانا ۋەتىنىگە ئىلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەينى زامانلاردا تېبابەتكە

(9) 1867-يىلى ئىمام مۇھەممەد قاسىم نانەۋتەۋي، رەشىد ئەھمەد كەنكۇھى، زۇلپىقار ئەلى ۋە ھاجى ئابىد ھۆسەيىن قاتارلىق ھىندىستاننىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن كاتتا ئالىم ۋە ئەدىبلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەڭ چوڭ ئىسلامى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى.

دائىر كىتابلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى پارسچە بولۇپ، تىبابەت ئىلمىنى مۇكەممەل ئىگىلەشنى ئويلىغان كىشى چوقۇم پارسچە ئۆگەنمىسە بولمايتتى. ھۇسەيىنخان تەجەللى نۇرغۇنلىغان جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن ئىراننىڭ ئىسپاھاندىكى دارىلفۇنۇن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، ئۇ يەردە تىبابەت ئىلمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەندى. بۇ جەرياندا ئۇ پارس تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ، نەسىر شەكلىدىكى ئەسەرلەر ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتاكى، شېئىر-قەسىدىلەرنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازالايدىغان بولدى. «بەرقى تەجەللى» ناملىق پارسچە شېئىرلار توپلىمى ئۇنىڭ پارس تىل-ئەدەبىياتى ساھەسىدىمۇ نەقەدەر يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ جانلىق پاكىتى سۈپىتىدە ھېلىھەم جىلۋە قىلىپ تۇرماقتا. ئۇ ئىراندا تۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان پارس ئەدەبىياتىغا دائىر مەشھۇر ئەسەرلەردىن جۈملىدىن شەيخ سەئدىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە ئىلھام ئالغانىدى.

ھۇسەيىنخان تەجەللى ئىراندا بىر قانچە يىل تۇرغاندىن كېيىن ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھىرىگە بېرىپ، شۇ يەرنىڭ داڭلىق بىلىم يۇرتى بولغان «دارۇلئۇلۇم» ئۇنىۋېرسىتېتىغا يەرلەشتى. ئۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن تىنىمتاپماس ئىزچىل تىرىشىش روھى بىلەن بەزى دىنى بىلىملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، ئوردۇ تىلىنى ناھايىتى پىششىق ئۆگىنىۋالدى. ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر ئىلىم مەركەزلىرىنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ ئىلىم شەربەتلىرىنى قېنىپ ئىچكەن بۇ ياشئۇيغۇر ئالىمى ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىران، تۈركىيە، مەككە-مەدىنە، دېھلى قاتارلىق دۆلەت ۋە شەھەرلەردە ساياھەتتە بولدى. ئۇ ساياھەت جەريانىدا نۇرغۇنلىغان دۆلەت ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىلمىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى ۋە سىياسىي ساھەلەردىكى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. بىر قىسىم مەشھۇر ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ پىكىر ئالماشتۇردى.

مانا ئەمدى تۈرلۈك دىنى ئىلىملەردە، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تېبابەت، خىمىيە، فىزىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەردە مۇكەممەل يېتىشىپ چىققاندىن باشقا، ئانا تىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئوردۇ تىلى، ھىندى تىلى قاتارلىق چەتئەل تىللىرىدىمۇ ئەسەر يازالايدىغان، ھەتتا شېئىرى دىۋان پۈتەلەيدىغان بۈيۈك ئالىم ۋە ئىستېداتلىق شائىرغا ئايلانغان 35 ياشلىق ئۇيغۇر يىگىتى ھۇسەيىنخان تەجەللى بۈيۈك غايە-مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ھالدا ئانا ۋەتىنى بولغان شەرقى تۈركىستان تۇپرىقىغا قاراپ يول ئالدى.

ھۇسەيىنخان تەجەللىي دادىسى بىلەن بىرگە يەكەندىكى زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتۈش جەريانىدا تۇيۇقسىز ئۇلغىيىپ قالغان دەريا سۈيى ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى ۋە كىتابلىرىنى ئېقىتىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ قىممەتلىك قوليازمىلىرىمۇ

بار ئىدى. ئۇلار ئاران دېگەندە جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ، يەكەندىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلىشىۋالدى. ئۇلارنىڭ خەۋىرى بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا يەكەن شەھىرىگە پۇر كەتتى. ئۇلۇغ ئالىمنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يەكەن خەلقى ئۇنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن سەلدەك ئېقىپ كەلمەكتە ئىدى. ئالىمنىڭ نام-شەرىپىنى ئاڭلىغان يەكەن ۋالىيسى يۇنۇسجان شىغاۋۇل ئۇنى سارىيىغا چاقىردى ۋە ئۇزۇن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىلىم-بىلىمى ھەم ئەقىل پاراسىتىگە قايىل بولۇپ، كۆپتىن-كۆپ ماختىدى. كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ياقۇپ بەگمۇ ئۇنى قەشقەردىكى ئوردىسىغا چاقىرىپ ئالاھىدە كۈتۈۋالدى. ھۇسەيىنخان تەجەللى يەكەن ۋالىيسىنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە بىنائەن يەكەندە تۇرۇپ قالدى ۋە «يېشىل مەدرىسە» دە ئوقۇ-ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللاندى.

ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ تىلى راۋان، ئەدەبىي تالانتى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن تامغان بال كەبى شېئىر-قەسىدىلەر تالىپ-شاگىرت، ئالىم-ئۆلىما قاتارلىق ھەممە كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ نامى يەكەندىن ھالقىپ، قوشنا شەھەرلەرگە تارقالدى ۋە نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئاشىنالىرى يەكەن شەھىرىنى ئاۋات قىلىشقا باشلىدى. ھۇسەيىنخان تەجەللى ئوقۇغۇچىلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەڭ ياخشى شەكىلدە دەرس ئۆتۈشكە تىرىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ھەممە تالىپلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇلىشىۋېلىشقا باشلىغانىدى. ھەممىلا كىشىنىڭ ئېغىزىدا ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ گېپى بولماقتا ئىدى. بۇ ئەھۋال بارا-بارا يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ۋە بەزى يۇرت چوڭلىرى ۋە ئاتالمىش ئۆلىمالارنىڭ قەلبىدە ھەسەت ئوتىنى ياندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھۇسەيىنخان تەجەللىگە تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى قىلىپ ئەمەلدارلارغا شىكايەت قىلدى. ئەھۋالنىڭ تازا ياخشى ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھۇسەيىنخان تەجەللى ئاخىرى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن قاغىلىق ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالدى.

ئۇ قاغىلىققا بارغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن تېبابەتچىلىك قىلىپ بىمارلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاغىلىقتىكى ھەر قايسى مەدرىسىلەردە دەرس ئۆتۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاق ئاتقا مىنىپ قاغىلىقتىكى نۇرغۇن مەدرىسىلەرنى كېزىپ يۈرۈپ، يىگىرمە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تالىپلارغا دەرس ئۆتكىتىش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ قاغىلىقتىن باشقا قەشقەر، پوسكام يەكەن، خوتەن، گۇما قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەر-ناھىيىلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان تالىپلىرى بولغان ئىكەن.

## ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئۇستازلىرى

ھۇسەيىنخان تەجەللىگە ئالاقىدار

ئۇيغۇرچە يېزىلغان تەرجىمىھاللاردا ياكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تېپىپ ياكى دىنىي جەھەتتە دادىسى قۇتبىددىن شاھتىن باشقا بىرەر ئۇستازى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، شۇنچىۋالا مۇكەممەل، ھەيران قالارلىق ئىلىم ئىگىسى بولغان بىر ئالىمنىڭ ئاز دېگەندىمۇ ئىلىمدە كامىل بىرقانچە ئۇستازلىرى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىز ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ «بەرقۇ تەجەللى» ۋە «سەبقۇ مۇجەللى» ئىسىملىك شېئىرلار توپلىمىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ يازغان شېئىر-قەسىدىلىرىدىكى تەبىر گۈزەللىكى، سۆزلۈك بايلىقىنىڭ مولluقى، شېئىر قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇنلۇقى، قاپىيە گۈزەللىكى، ئوخشىتىش ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ھەر قانداق بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ قايىللىقىنى قوزغىماي قالمايدۇ. ئالىمنىڭ يەنە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇمدۇر. بۇنچىۋالا تۆھپىكار ئالىمنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئەلۋەتتە، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن نۇرغۇنلىغان ئۇستازلارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھۆسەيىنخان تەجەللى ھىندىستاندا ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە «دارۇلئۇلۇم» دا ئىمام مۇھەممەد قاسىم نانەۋتەۋىي،[10] رەشىد ئەھمەد گەنگوھى،[11] زۇلپىقار ئەلى[12] قاتارلىق كاتتا ئالىملار ۋە ئەدىبلەر بارلىقى مەلۇم. يېقىنقى زامان ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەبۇلھەسەن نەدەۋى،[13] ئەنۋەر شاھ كەشمىرى[14] قاتارلىق كىبار ئالىملارمۇ «دارۇلئۇلۇم» دىكى ئۇستازلارنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن يېتىشىپ چىققان. بۇنىڭدىن قارىغاندا ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ «دارۇلئۇلۇم»دا نۇرغۇنلىغان كاتتا ئۇستازلىرى بارلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ھۆسەيىنخان تەجەللى ئىران، ئافغانىستانغىمۇ بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا ئۇ يەرلەردىمۇ ئەلۋەتتە نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئۇستازلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان ۋە تەلىم-تەربىيىسىدە بولغان دەپ ئېيتالايمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئۇنىڭ نەقەدەر كاتتا ئالىم ئىكەنلىكىنىڭ تىرىك شاھىدى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ شاگىرتلىرى

بىزگە يېتىپ كەلگەن تەرجىمىھال كىتابلىرىدا ئۇنىڭ

(10) مۇھەممەد قاسىم نانەۋتەۋىي (1833-1880 م) ھىندىستاندىكى مەشھۇر دىنىي ئالىم، ئەللامە، فىقھىشۇناس.

(11) رەشىد ئەھمەد گەنگوھى (1829-1905 م) ھىندىستاندىكى مەشھۇر، تۆھپىكار دىنىي ئالىم.

(12) زۇلپىقار ئەلى دېيوبەند (1904-يىلى ۋاپات بولغان) ھىندىستاننىڭ دېيوبەند شەھىرىدىن چىققان بۈيۈك ئالىم، ئەدىب، شائىر. ئۇ «ھەماسە»، «مۇتەنەببى»، «سەبئۇل مۇئەللەق»، «قەسىدە بۇردە» قاتارلىق قىيىن كىتابلارغا شەرھى يازغان، بەلاغەت ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىمۇ بار.

(13) ئەبۇلھەسەن نەدەۋى( 1914-1999) ھىندىستانلىق دۇنياغا داڭلىق دىنى ئالىم، تۆھپىكار. دەۋەتچى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر.

(14) ئەنۋەر شاھ كەشمىرى (1875-1933 م) نۇرغۇن ئەسەرلەر قالدۇرغان مەشھۇر فىقھى ئالىمى، داڭلىق ھەدىسشۇناس.

دىنى ئوقۇغۇچىلىرىدىن سۆيۈملۈك شاگىرتى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم، ئابدۇۋاھىت قازى ئاخۇنۇم ۋە شائىر مۇھەممەد رۇزى قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان[15].

تىبابەت شاگىرتلىرىدىن بولسا خوتەندىكى مەشھۇر تېۋىپ تۇردى ھاجىم[16]، قاغىلىقتىكى يۈسۈپ ئەپەندى، ياسىن ئاخۇن داموللام، سەيدىنا ئەپەندىم، سادىق مەخسۇم، گۇمىلىق مەھمۇت ھاجىم، ئىبراھىم ھاجىم ۋە قەشقەرلىك يۈسۈپ ھاجىم ۋە مۇسا ئاخۇنۇم قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن.

## ھۆسەيىنخان تەجەللى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئالىملار ۋە شائىرلار

ھۆسەيىنخان تەجەللى ھايات ۋاقتىدا ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان، ھەمدە خەت-چەك يېزىشىپ تۇرىدىغان ئالىملار ۋە شائىرلار دېگەندەك يېقىن دوستلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز نۆۋىتىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ بۈيۈك ئالىملىرى ۋە ئىلىم-مەرىپەت مەشئەللىرى ھېسابلىناتتى.

### مەشھۇر ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللام[17]، شەمسىدىن داموللام[18]، تاتار ئالىمى مۇسا جارۇللا[19]، بۈيۈك مۇپەسسىر زىرىپ قارىھاجىم[20]، مۇتىئۇللا ئەلەم تۇرپانى[21]، ئابدۇۋاھىت قازى ئاخۇنۇم[22]، ئابدۇرېشىت قازى ئاخۇنۇم[23]، مەۋلانا مۇھەممەد[24]، شائىر پۇرقەت[25]، قۇرئان كەرىم تەرجىمانى

(15) خوتەنلىك دىنى ئالىم ۋە مەشھۇر شائىر (1978-1907) ئىمىنجان ئەھمەدى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1996-يىل، 361-بەت

(16) تۇردى ھاجىم ئەھمەد(1863-1987) خوتەنلىك مەشھۇر تېۋىپ، مول داۋالاش تەجرىبىسىگە ئىگە،ئۇنىڭ«ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان رېتسېپلار»ناملىق كىتابى بار. ( ئۇيغۇر تىبابىتى دورىگەرلىك ئىلمى ژورنىلى)، 1-سان، 139-بەت).

(17) ئابدۇقادىر داموللام: (1862-1924)، بۈيۈكدىنى ئالىم، ئىسلاھاتچى، ئەدىب، شائىر (ئىمىنجان ئەھمەد، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1996-يىل، 300-بەت.

(18) شەمسىدىن داموللام: (1881-1938) قەشقەردە تۇغۇلغان، يېتۈك ئالىم، تالانتلىق شائىر، كۆپ ئىقتىدارلىق مۇدەررىس، نۇرغۇنلىغان تالىپ يېتىشتۈرگەن قابىل ئۇستاز.

(19) مۇسا جارۇللا: (1878-1949) قازان شەھرىدە تۇغۇلغان، پولشېۋىكلار ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى روسىيەنىڭ شەيخۇل ئىسلامى، ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، تاتارچە، روسچە تىللارغا ماھىر يېتۈك دىنىي ھەم پەننىي ئالىم.

(20) زىرىپ قارىھاجىم: 1868-يىلى تاشكەنتە تۇغۇلغان، قۇرئان كەرىمنى پۇختا يادلىغاندىن كېيىن سەمەرقەنت، ۋە بۇخارا، قاھىرە قاتارلىق جايلاردا بىلىم ئۆگەنگەن، كېيىن قەشقەرگە كېلىپ، ئىلىم ئۆگىتىش بىلەن بىرگە تىبابەتچىلىك قىلغان، 1933-يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى بولغان. جۇمھۇرىيەت يىقىتىلغاندىن كېيىن 10 يىل تۈرمىگە سولانغان، 1957-يىلى 99 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ ئۆزبەكچە يېزىلغان«سىراتۇل مۇستەقىم»ناملىق چوڭ ھەجىملىك تەپسىرى بار.

(21) مۇتىئۇللا ئەلەم تۇرپانى: (1823-1908) تۇرپانلىق بىلىملىك ھەم پەزىلەتلىك مەشھۇر ئالىم، قارىلىق ناھىيىسىنىڭ شەيخۇل ئىسلامى بولغان.

(22) ئابدۇۋاھىت قازى ئاخۇنۇم: قارغىلىق ناھىيەسىدە تۇغۇلۇپ يېتىشكەن، مۇتىئۇللا ئەلەم تۇرپانى، زىرىپ قارىھاجىم قاتارلىقلار بىلەن زامانداش مەشھۇر ئالىملارنىڭ بىرى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، مەرھۇم ئەيسا شاكىرنىڭ بوۋىسى بولۇپ، ئەينى دەۋردە ئۇششاقباش ۋە زوڭلاڭ يېزىلىرىنىڭ قازىسى بولغان.

(23) ئابدۇرېشىت قازى ئاخۇنۇم: شەرقىي تۈركىستاننىڭ قايسى شەھىرىدىن ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات تاپالمىدىم، قازى ئاخۇنۇم دەپ سۈپەتلەنگەنلىكىگە قارىغاندا كاتتا دىنىي ئالىم ئىكەنلىكى مەلۇم.

(24) مەۋلانا مۇھەممەد: قارغىلىقتا تۇغۇلۇپ قەشقەردە يېتىشكەن، ئابدۇۋاھىت قازى ئاخۇنۇم، مۇتىئۇللا ئەلەم تۇرپانى قاتارلىقلار بىلەن زامانداش كاتتا ئالىملارنىڭ بىرى، تۇغۇلۇش ۋە ۋاپات تارىخى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

(25) زاكىرجان خال مۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت:(1858-1909). ئۇنىڭ 57 يىللىق ھاياتىنىڭ 32-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا، يېتىلگەن 14 يىلى خوتەن

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ دادىسى سالىھ داموللام[26]، ئىسمائىل ھاجىم[27]، شائىر مۇھى[28]، ئەدىب ئابدۇكېرىم زىيائى[29]، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى[30]، مەھمۇت ئاخۇن داموللام[31]، نىزامىدىن داموللام[32]، ئابدۇللاھ مۇپتى ھاجىم[33] قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ تىپىك مىساللىرىدۇر.

ۋە يەركەنتتە ئۆتكەن. 1859-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى قوقەند شەھىرىدىكى غىشت كۆيرۈك گۇزەرى «ئىشىكى پىشرىق» مەھەللىسىدە كاسىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1909-يىلى 9-ئايدا بوغۇز ئاغرىقى بىلەن يەركەندە ۋاپات بولغان.

(26) سالىھ داموللام: (1895-1957م) قەشقەردە تۇغۇلغان،ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىملاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ كاتتا دىنى ئالىم، تالانتلىق شائىر بولۇپ يېتىشكەن، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان تالىپلىرى بولغان، 1946-يىلى ئالىي دەرىجىلىك قازى بولغان، كېيىنكىلەرگە بىر قانچە ئىلمىي ئەسەر قالدۇرغان.

(27) ئىسمائىل ھاجىم: گۇما ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، تالانتلىق شائىر، مۇپتىلىق ۋەزىپىسى ئۆتىگەن داڭلىق يېتۈك ئالىم.

(28) قوقانلىق يېتۈك شائىر.

(29) ئابدۇكېرىم زىيائى (1830-1899) قەشقەرنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان، قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلىغان، ئەينى زاماندىكى ئىقتىدارلىق يازغۇچى، شائىر ۋە رەسسام.

(30) قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1876-يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ قەشقەر، بۇخارا، قاھىرە، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا بىلىم ئالغان، يېتىشكەن تارىخشۇناس ۋە ئەدەبىياتچى. ئۇنىڭ «تارىخى ئەسەر ۋاقىئى كاشغەر» ناملىق ئەسىرى بار.

(31) مەھمۇت ئاخۇن داموللام: 1869-يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، كىچىكىدىنلا ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ قەشقەردىكى ئۇستازلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان، 1894-يىلىدىن 1901-يىلىغىچە بۇخاراغا بېرىپ ھەرقايسى پەنلەر بويىچە بىلىم ئاشۇرۇپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى داڭلىق ئالىم، مەشھۇر فىقھشۇناس بولۇپ، ئۆمۈر بويى مۇدەررىسلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇنلىغان كاتتا ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

(32) نىزامىدىن داموللام: 1892-يىلى تۇرپان شەھىرىدە تۇغۇلغان، كېيىن كورلىغا كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ بارغان، بارغانلا يەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئىسلام ئاخۇن داموللام، شەمسىدىن داموللام، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق. كاتتا ئۇستازلارغا ئىلمىي ئىجازەتلەرنى ئالغاندىن كېيىن تۇرپانغا قايتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇدەررىسلىكۋە دەۋەت خىزمەتلىرىدە بولغان، 1954-يىلى تۇرپاندا ۋاپات بولغان.

(33) بۇ زات ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات تاپالمىدىم.

ئۇلاردىن باشقا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ چوڭ كارخانىچى بايلىرىدىن مۇساباي ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى باھاۋۇدۇن باي بىلەن ھۇسەيىن باي[34] قاتارلىقلارمۇ ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرىدىن ئىدى.

## ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئەقىدە مەزھىپى

مەشھۇر تەجەللىيشۇناس يازغۇچى مۇختەر مامۇت مۇھەممەدىينىڭ «ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى» ناملىق كىتابىغا قارىغاندا، ھۇسەيىنخان تەجەللى ئۆز دەۋرىدىكى دوست-بۇرادەرلىرىگە ئوخشاشلا ئەھلى سۈننەت ۋە جامائەت ئەقىدىسىنىڭ تارماقلىرىدىن بولغان «ماتۇرىدى»[35] ئەقىدىسىگە تەۋە ھېسابلىنىدۇ[36]. ئۆز دەۋرىدىكى ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ بەزى ھەسەتخورلىرى ئۇنىڭ ئىراندا بىر مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، شىئە ئەقىدىسىدە دەپ

(34) مۇساباي ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى باھاۋۇدۇن باي بىلەن ھۇسەيىن بايلار ئاتۇشتىكى ئەڭ چوڭ باي ۋە كارخانىچى ئائىلىسى بولۇپ، ئىلىم سۆيەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئىدى. ھۇسەيىنخان تەجەللى «سەبقۇ مۇجەللى» دىۋانىنىڭ 44-بېتىدە مۇسا باينىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ 15 بېيىتلىق قەسىدە يازغان بولۇپ، ھەيران قالارلىقى، ئۇ ھەر بىر بېيىتتا ئەبجەد ھېسابى بويىچە مۇسا باينىڭ ۋاپات تارىخى بولغان ھىجرىيە 1311-يىلىغا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن.

(35) ماتۇرىدى ئەقىدىسى: ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدىغا نىسبەت بېرىلگەن سۈننىي ئەقىدە تارماقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ،تۆتىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەمەرقەنت تەرەپلەردە نامايەن بولۇشقا باشلىغان. ئەقلى دەلىللەر بىلەن نەقلى دەلىللەرنى بىرلەشتۈرۈپ مۇرجىئە، مۇئتەزىلە، خەۋارىج، جەھمىيە قاتارلىق بىدئەت پىرقەلەرگە رەددىيە بېرىپ ئىسلام ئەقىدىلىرىنى قوغداپ قېلىشتا ئالاھىدە رول ئوينىغان.

(36) مۇختار مامۇت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 70-بەت.

قارايدۇ. ئەمما، ھەقىقەت شۇكى، بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە شىئە ئەقىدىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىرەر جۈملىنى ئۇچرىتالمايمىز.

## ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ فىقھىي مەزھىپى

ھۇسەيىنخان تەجەللىي ياشىغان دەۋرلەر مەيلى ھىندىستاندا بولسۇن، مەيلى شەرقى تۈركىستاندا بولسۇن بۈگۈنكى دەۋرگە ئوخشاشلا ھەنەفىي مەزھەپ تامامەن ئومۇملاشقان ۋە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان مەزگىللەر ئىدى. ھۇسەيىنخان تەجەللىمۇ ئىلمىي ھايات داۋامىدا بۇنداق مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە شاگىرتلىرىدىن ئابدۇجېلىل داموللام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەشھۇر ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم قاتارلىقلارمۇ ھەنەفىي مەزھەپتە ئىدى. بۇلار ئەلۋەتتە، بۇ مەزھەپنى ئۇستازى ھۇسەيىنخان تەجەللىدىن قوبۇل قىلغانلىقىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس.

ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئىسلام دىنى فىقھىي مەزھەپلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كەڭ تارقالغان ھەنەفىي مەزھىپىدىن باشقا بىر مەزھەپتە ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق بىر دەلىل پاكىت يوق.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھۇسەيىنخان تەجەللىنى فىقھىي جەھەتتە ھەنەفى مەزھەپنى ئاساس قىلغان دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز.

## ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ تەرىقەت يولى

ھۇسەيىنخان تەجەللى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا سوپىزىم تەرىقەتلىرى كەڭ تارقالغان بىر دەۋردە ياشىغان ئىدى. شۇ مەزگىللەردە شەرقى تۈركىستاندىمۇ نەقشىبەندىيە[37]، يەسەۋىيە[38] قاتارلىق تۆرلۈك تەسەۋۋۇپ ئېقىملىرى، جۈملىدىن ئاق تاغلىقلار، قارا تاغلىقلار دېگەندەك تەسەۋۋۇپ گۇرۇھلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى مەۋجۇت بولۇپ، بىر قىسىم ماقالىلەردىن خۇلاسىلاپ قارىغاندا، ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ سوپىزىم جەھەتتىكى تۇتقان يولى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىن ئىبارەتتۇر[39].

ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى «دارۇلئۇلۇم»دا تەلىم-تەربىيە ئالغانلىقىنى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان قوشۇمچە دەلىللەرنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«دارۇلئۇلۇم» ئەقىدە جەھەتتە ئەھلى سۈننەت مەزھىپىنىڭ تارماقلىرىدىن بولغان ماتۇرىدى مەزھىپىنى، فىقھى جەھەتتە ھەنەپى مەزھەپنى، تەرىقەت جەھەتتە نەقشىبەندىيە

(37) نەقشىبەندىيە تەرىقىتى: شەيخ بەھائۇددىن مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد (618-691ھ) باشچىلىقىدىكى تەسەۋۋۇپقا ئائىت تەرىقەت بولۇپ ئىران،ھىندىستان، پاكىستان ۋە غەربى ئاسىيادا كەڭ تارقالغان.

(38) خوجا ئەھمەد يەسەۋى ( 1093-1166) تۈرك تارىخىدىكى تۇنجى چىققان ئەڭ بۈيۈك سوپى ئالىم، پەيلوسوپ، شائىر، تۈرك دۇنياسىدا تەسىرى چوڭقۇر يەسەۋى تەرىقىتىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگۈچى شەخس.

(39) مۇختار مامۇت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 70-بەت.

تەرىقىتىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ تەسەۋۋۇپ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىنى ھىندىستاندىن قوبۇل قىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھوقۇقدارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ھۇسەيىنخان تەجەللى چەتئەللەردىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ شەرقى تۈركىستانغا قايتقاندىن كېيىن يەكەن ۋالىيسى يۇنۇسجان شىغاۋۇلنىڭ تەلىپى بىلەن «يېشىل» مەدرىسەسىدە دەرس ئۆگىتىش بىلەن شۇغۇللاندى. يۇنۇسجان شىغاۋۇل ھەقىقەتەن شائىرنىڭ ئىلىم-بىلىمگە، ئەقىل-پاراسىتىگە، ئەدەپ-ئەخلاقىغا ۋە شېئىر-غەزەللىرىگە مەپتۇن بولغان ئىدى.

شائىرنىڭ تەرەپ-تەرەپكە پۇر كەتكەن داڭقىنى ئاڭلىغان ئەينى زاماندىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېڭى ھۆكۈمرانى ياقۇپ بەگ شائىرنى قەشقەردىكى سارىيىغا چاقىرىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن-ئۇزۇن سۆھبەتلەشتى. ياقۇپ بەگ شائىرنىڭ كۆپ ئىقتىدارلىق، ئۆتكۈر پىكىرلىك، مول تەجرىبىلىك، يېتىشكەن ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى ھەمدە ھۇسەيىنخان تەجەللى «يېشىل» مەدرىسەدە ئىلىم-مەرىپەت تارقىتىۋاتقان كۈنلەردە ئۇنى مەخسۇس زىيارەت قىلىپ، ئۇزۇن سۆھبەتلەشكەن. ئەپسۇسكى، تەرجىمىھال كىتابلاردا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەتلەر ھەققىدە بىرەر مەلۇمات يوق.

بەزى رىۋايەتلەردە ھۇسەيىنخان تەجەللى ئۆزىنىڭ ئەرەبچە ۋە پارسچە ئارىلاش يازغان «تۆھپەتۇل بەررەين» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئوسمانىيە خەلىپىسى سۇلتان ئابدۇلھەمىدخانغا تەقدىم قىلغان دېيىلىدۇ.[40] بىراق بۇ قىممەتلىك ھەدىيەنى شائىر ئۆزى ئىستانبۇلغا بارغاندا بىۋاسىتە خەلىپىگە تەقدىم قىلغانمۇ؟ ياكى باشقىلاردىن ئەۋەتكەنمۇ؟ ياكى بۇ رىۋايەتنىڭ ئاساسى يوقمۇ؟ بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق بولۇپ، تەكشۈرۈشكە موھتاج. ئەمما مەزكۇر كىتابنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىر ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان «مەھزۇن» تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان، مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ شاگىرتى، «ئەۋلاد» تور بېتىدە تىنىمسىز خىزمەت قىلىۋاتقان شائىر ئابدۇقاھاردا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

## ھۇسەيىنخان تەجەللى تەسىرىگە ئۇچرىغان ئالىملار ۋە شائىرلار

ئەلۋەتتە، ھەر بىر ئالىم ئىلمىي ھاياتىدا مەلۇم شەخسلەرنىڭ تەسىرىدىن خالى بولالمايدۇ. ھۇسەيىنخان تەجەللىيمۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇرلاردىن ئەللامە زەمەخشەرىي، شەيخ سەئدى، ئىمام غەززالى، شائىر نەۋائى، مۇتەنەببى، ئەنتەرە، كەئبى ئىبنى زۇھەير ۋە ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئالىم ۋە ئەدىبلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان[41]. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن بۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

(40) بۇلاق ژۇرنىلى، 1986-يىل، ئومۇمىي 18-سان، 100-بەت.
(41) مۇختارمامۇت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل،80- / 213-بەتلەر.

## ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ دوست يارەنلەر بىلەن يېزىشقان خەت-چەكلىرى

ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ مەشھۇر ئەدىب ئابدۇكېرىم زىيائى بىلەن يېزىشقان خەت-چەكلىرى ھېلىھەم شەرقىي تۈركىستاندىكى قەدىمىي ئاسارە-ئەتىقىلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا. ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ يەنە ھىجرىيە 1316-ۋاپات بولغان بۇ دوستىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيەسى بار بولۇپ، بۇ مەرسىيە ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ «سەبقۇل مۇجەللى» ئىسىملىك شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاخىرىغا كىرگۈزۈلگەن[42].

تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى: بۇ مەرسىيە 13 بېيىتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىر بېيىت ئەرەپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابى بويىچە 1316 رەقىمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى ھەر بىر بېيىتنىڭ ئەبجەد ھېسابى بويىچە بولغان قىممىتىدىن شائىرنىڭ ۋاپات تارىخىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

يازغۇچى شەرىپىدىن ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ قوقەندلىك شائىر مۇھى، شائىر فۇرقەت، ئابدۇقادىر داموللام، مەھمۇد داموللام، ئابدۇكېرىم زىيائى، شەمسىدىن داموللام، ئابدۇرىشىت قارى ئاخۇنۇم، مەۋلانا مۇھەممەد، يولداش مۇتىئۇللا ئەلەم، نىزامىدىن ھاجى، مۇپتى ئىسمايىل ھاجى قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى داڭلىق ئالىملار ۋە شائىرلار ئارىسىدا يېزىشقان خەت-چەكلىرى، شېئىر-قوشاقلىرى بار بولۇپ بۇلار ئۇيغۇر ۋە ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىگە يۈكسەك ھەسسە قوشقان نادىر شېئىرلاردىن ئىبارەتتۇر[43].

## ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ تۆھپىلىرى

ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەرگە قوشقان تۆھپىلىرى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك ئىخچاملاشقا بولىدۇ:

### بىرىنچى: ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش جەھەتتىكى تۆھپىسى

ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ تىلى راۋان، ئەدەبىي تالانتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغاچقا ئۇنىڭ ئىلىم-مەرىپىتىدىن تالىپ-شاگىرت، ئالىم-ئۆلىما، ئاۋام خاس ھەممە كىشى پايدىلاندى. چەتئەلدىن كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ نامى تەرەپ-تەرەپكە تارقالدى.

ئۇ بىر تەرەپتىن تىبابەتچىلىك قىلىپ ئاجىزبىمارلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاغىلىقتىكى ھەر قايسى مەدرىسەلەردە دەرس ئۆتۈش ۋە پەتىۋا بېرىش ئارقىلىق يەركەن ۋە قارغىلىقنى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىسلام دىنىنى كەڭ تارقاتتى.

(42) ھۆسەيىن خان تەجەللىنىڭ «بەرقۇ تەجەللى» ناملىق دىۋانىنىڭ 48-بېتىگە قاراڭ.

(43) مۇختار مامۇت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 66-بەت.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاق ئاتقا مىنىپ قاغىلىقتىكى نۇرغۇن مەدرىسەلەرنى كېزىپ يۈرۈپ، تالىپلارغا يىگىرمە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت دەرس ئۆگىتىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ قاغىلىقتىن باشقا قەشقەر، پوسكام يەكەن، خوتەن، گۇما قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەر-ناھىيىلىرىدىن نۇرغۇنلىغان تالىپلىرى بولغان ئىكەن.

بۇلارغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋە يىلتىزىنى مۇستەھكەملەشتىكى تۆھپىلىرىنى دەۋەت قىلىشتىن بەكرەك دەرس ئۆگىتىشكە مەركەزلەشكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## ئىككىنچى: ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىگە قوشقان تۆھپىسى

ھۇسەيىنخان تەجەللى دۇنيادىكى تىبابەت مەركەزلىرىدىن ھىندىستان ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردە تىببىي ئىلىملارنى تەھسىل قىلغان ھەمدە ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان مۇھەممەد ئەزەمخاننىڭ «ئىسكىرى ئەزەم» ناملىق كىتابىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان تەجرىبىدىن ئۆتكەن يەككە دورا رېتسىپلىرىدىن 75 پارچە رېتسىپ مەرھۇم ئابدۇقادىر ھاجىمنىڭ «مىزانى تىب» ناملىق كىتابىنىڭ باش ۋە ئاخىر قىسمىلىرىغا چاپلانغان.[44]

(44) مۇختار ماموت مۇھەممەدى، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل،300-بەت.

ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ بۇ رېتسىپلىرى ئۇزۇن يىللىق ئىلىپ بارغان تەجرىبە-تەتقىقاتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تىبابەتچىلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى دەۋردە ھازىرقى دەۋر تىبابەتچىلىكى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس بولۇش رولىنى ئوينايدىغان قىممەتلىك رېتسىپلارنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر.

ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ يەنە تىبابەتكە دائىر بىر پارچە كىتابى باھاۋۇدۇن باينىڭ مەتبەئەسىدە بېسىلغانلىقى مەلۇمدۇر. ئۇ 7000 خىل دورا-ئۆسۈملۈكنىڭ ئىسمىنى بىلەتتى، 5000 خىلدىن ئارتۇق دورا ياسىغان.



تەجەللى ئۆمرىدە نۇرغۇنلىغان تىببىي شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان. خوتەن ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدىكى داڭلىق تېۋىپ، مۇدىر ۋراچ، مەرھۇم تۇردى ھاجىم ۋە قاغىلىقلىق يۈسۈپ ئەپەندى، ياسىن ئاخۇن داموللام ئافغانىستانلىق سەيدىنا ئەپەندىم، گۇمىدىن سادىق مەخسۇم، مەھمۇد ھاجىم، ئىبراھىم ھاجىم، قەشقەردىن يۈسۈپ ھاجىم،

قەشقەردىن مۇسا ئاخۇنۇم قاتارلىقلار ئۇنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشكەن داڭلىق تېۋىپلاردىن ئىبارەتتۇر. تەجەللىنىڭ تىبابەتكە دائىر ئەسەرلىرىدىن«شىپايى سىيادادى»،«مۇجەررەباتى تەجەللى»، «شىپايى شەيخ»، «مۇرەببى تەجەللى» قاتارلىق تېبىبي كىتاپلارنىڭ بارلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ «شىپايى سىيادادي» ناملىق تېبىبي ئەسىرى نەشىردىن چىققان[45].

## ئۈچىنچى: ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئاسترونومىيەگە قوشقان تۆھپىسى

ئاسترونومىيە ئىلمى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورنى، ھەرىكىتى، شەكلى، قۇرۇلمىسى، خىمىيىلىك تەركىبى، فىزىكىلىق ھالىتى ۋە ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم پەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېبىبي داۋالاش بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋىتى بار.

مەشھۇر تېۋىپلىرىمىزدىن ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ تېبىبي ئاسترونومىيە جەھەتتە ناھايىتى كامىل زات ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بولۇپ، بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا ھەر خىل رىۋايەتلەر تارقالغان. تەجەللى كېسەل كۆرۈش، دورا بېرىشتە تېبىبي ئاسترونومىيەلىك ھادىسىلەرگە، روھىي ھالەتكە، شارائىتقا، دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان. شۇنداق بولغاچقا كېسەللەرگە توغرا دىئاگنوز قويغان، ئۇنىڭ دورىلىرى ئەرزان، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان. تەجەللىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئاسترونومىيەگە ئائىت بىر قىسىم مەلۇماتلار بېرىلگەن.

ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ «ئىلمي نۇجۇم ھەققىدە» ناملىق بىر كىتابى بولۇپ، كىتاب 600-700 بەت ئارىلىقىدا، خوتەن قەغىزىگە قوقەنت سىياسى بىلەن يېزىلغان. ئۇنىڭدا يۇلتۇزلارنىڭ ئىسىملىرى، شەكلى، ئارىلىقى، تۇرۇش ئورۇنلىرى ئىسخىمىلىق كۆرسىتىلگەن. كىتاب 1957-يىلى 5-ئايلاردا قاغىلىق كاسكا كەنتىدىكى خېلىلخان غوجىنىڭ ئۆيىدىن تېپىلغان بولۇپ، كېيىن يەكەن ناھىيىلىك كۈتۈپخانىدىكى ھېبىبۇللا بۇ كىتابنى مۇھەممەددىن ئارقىلىق سېتىۋالغان[46].

ديمەك، تەجەللى 20ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئاسترونومىيە تارىخىمىزغا شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پارلاق نامايەندىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## تۆتىنچى: ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ جەرراھلىق (ئوپېراتسىيە) ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى

ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ جەرراھلىق ساھەسىدىمۇ بەلگىلىك ماھارىتى بولۇپ، ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان كېسەللەرنى شۇ دەۋردىكى شارائىتقا ماس ھالدا بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتقان.

(45) مۇختار ماموت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 304-بەت.

(46) مۇختار ماموت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 297-بەت.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ سوقۇر ئۆچەي، ساراڭلىق ۋە باشقا بىر قانچە خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان يەرلىك ۋە ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن 300 دىن كۆپرەك كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتقان ئىكەن.[47]

## بەشىنچى: ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ خىمىيە ئىلمىدىكى تۆھپىسى

ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ خىمىيە ئىلمىدىنمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە مەلۇماتى بولۇپ، بۇ ساھەدە نۇرغۇنلىغان تەجرىبىلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇ خالاستان دەرياسىدىن قۇم-شېغىللارنى ئېلىپ كېلىپ، خىمىيەلىك تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئايرىۋالغان. ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەر بۇنىڭغا بەكمۇ ھەيران قېلىشقان ئىدى.[48]

## ئالتىنچى: ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى

ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تىل ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ يازغان ئەرەبچە ئەسەرلىرىدىن «مەجمۇئەتۇل قەسائىد»، «دىۋان ئەرەبى»، «دىۋان ھۆسەيىنخان»، «سەبقۇ مۆجەللى» قاتارلىق قەسىدە ۋە شېئىر توپلاملىرى تىلىنىڭ گۈزەللىكى، پاساھەت ۋە بالاغەتتىكى يۈكسەكلىكى جەھەتتە داڭلىق ئەرەب شائىرلىرىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنى ئوقۇغان ھەر بىر كىشى شائىرنىڭ قالتىس تالانتىغا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. ناۋادا بۇلارنى ئەرەبلەر ئوقۇپ قالسا، ئۇنىڭ دۇنيانىڭ يىراق بىر چېتىدىكى ئۇيغۇر نەسلى ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىشى مۇمكىن.

مەزكۇر ئەسەرلەر ئىچىدە ھىجرىيە 1317-يىلى، مىلادى 1900-يىللىرى قەشقەر شەھىرىدىكى تۇنجى تاش مەتبە ھېسابلىنىدىغان خۇرشىد مەتبەسىدە (نۇر مەتبەئەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بېسىلغان«بەرقۇ تەجەللى سەبقۇ مۆجەللى» ئىسىملىك شېئىرلار توپلىمى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالىملار، ئەدىبلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.[49] ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ داڭلىق شېئىرلىرىدىنمۇ قېلىشمايدىغان شۇ قەدەر پاساھەتلىك، چوڭقۇر بالاغەتلىك، بال كەبى تاتلىق، شېئىر-قەسىدىلەرنى ئوقۇغاندا بۇ غېرىبانە تۇپراقتا گويا مۇتەنەببى، ئەنتەرە كەبى شائىرلار قايتىدىن تىرىلىپ چىققاندەك ھېس-تۇيغۇغا چۆمۈپ، شېئىر-ئەدەبىياتنىڭ لەززىتىنى قايتىدىن تېتىغاندەك بولۇشتى.

شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر دىۋان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى مەدرىسىلىرىدە بەس-بەستە دەرسلىك قىلىنىشقا باشلىدى. 2011-يىللاردا

(47) مۇختار مامۇت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 338-، 335-بەتلەر.

(48) مۇختارمامۇت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 335-بەت.

(49) مۇختار مامۇت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 254-بەت.

ۋاپات تاپقان خانلىق مەدرىسەنىڭ تەۋەرۈكلىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر ئالىم، ئەدىب، ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ 1950-يىللاردىن بۇرۇن خانلىق مەدرىسەدە «بەرقۇ تەجەللى سەبقۇ مۇجەللى»نى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇغانلىق ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

1979-يىلى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەرىپەت قۇياشى، داڭلىق ئەللامە، ئەدىب ئابدۇلھەكىم خان مەخسۇم ھاجىم تۇرمىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەلىم-تەربىيە ھاياتىنى باشلىۋەتتى. ئۇزۇن يىللار داۋاملاشقان مائارىپ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئىلىم ئىشقىدا ئېچىرقاپ كەتكەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىڭلارچە ئىلىم ئاشىنالىرى مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئەتراپىغا جەم بولدى. ئابدۇلھەكىم خان مەخسۇم ھاجىم «بەرقۇ تەجەللى سەبقۇ مۇجەللى» دىۋانىغا ئۆزىنىڭ دەرسلىك پروگراممىلىرى ئىچىدىن ئورۇن بەردى. بۇ مۇبارەك ئۇستازنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققان بىر قىسىم داڭلىق ئالىملارمۇ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ بۇ دىۋاننى دەرسلىك سەھنىسىدىن چۈشۈرۈپ قويمىدى. ھازىر تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئاتاقلىق ئالىم ۋە دەۋەتچى ئۇستاز ئاتاۋۇللاھ خەلپەت ھاجىممۇ ئابدۇلھەكىم خان مەخسۇم ھاجىمنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «بەرقۇ تەجەللى سەبقۇ مۇجەللى» دىۋانىنى ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئۆزىدە ئوقۇغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى.

## يەتتىنچى: ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ پارس ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى

ھۇسەيىنخان تەجەللى پارس تىلىغا ئىنتايىن پىششىق بولۇپ، ئۇ بايانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان شېئىر ژانىرىنىمۇ بۇ تىلدا ۋايىغا يەتكۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى قەسىدىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلىرى تامامەن پارسچە بولغان «بەرقۇ تەجەللى»، ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان بىر قەسىدىدىن باشقا ھەممىسى پارسچە بولغان «تۆھپەتۇل بەررەين»، ئەسلى نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن تېپىك پارس تىلىدا يېزىلغان تىلسىمى ئىشىق ( ئىشقى مۇھەببەتنىڭ سىرلىق تىلسىماتى) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى شائىرنىڭ پارس ئەدەبىياتىنىمۇ چوڭقۇر بىلىپ يەتكەنلىكىنىڭ يالدامىسى بولۇپ تۇرماقتا. بولۇپمۇ شائىرنىڭ «بەرقۇ تەجەللى» ناملىق گېگانت ئەسىرى ئارىدىن بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، مەناسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، پاساھەت ۋە بالاغەتتىكى يۇكسەك ئورنى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى مەدەنىيەت ئىپتىخارى، مەڭگۈلۈك يالدامىسى سۈپىتىدە كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالماقتا...

## ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ۋاپاتى ۋە مەقبەرىسى

1927-يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 12-كۈنى پۈتۈن شەرقى تۈركىستان

خەلقى ئۇچۇن ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى. بۇ كۈندە ئۇيغۇر ئالىمى ھۈسەيىنخان تەجەللى 79 يېشىدا ۋاپات بولغان بولۇپ، ئالىمنىڭ جىنازە نامىزىغا پۈتۈن قاغىلىق خەلقىدىن باشقا قەشقەر، خوتەن، گۇما قاتارلىق شەھەر-ناھىيىلەردىن سەلدەك ئېقىپ كەلگەن كىشىلەر ھەسرەت بىلەن كۆز يېشى قىلىشىپ دۇئادا بولدى. ھەشەمەتلىك جىنازە نامىزىدىن كېيىن ئالىمنىڭ مۇبارەك جەسىتىنى قەيەردە، قايسى قەبرىستانلىقتا قويۇش توغرىسىدا بىر ئاز تالاش-تارتىش بولغاندىن كېيىن، ۋەسىيىتى بويىچە كاسكا كەنت قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى، ھەمدە ئوغلى ئوبۇل ھۇداخان ۋە يۇرت كاتتىلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قەبرە ياغاچ پەنجىرىلىك ئايۋان ئىچىگە ئېلىنىپ قەبرىنىڭ يېنىغا ئىككى ئېغىز ھوجرا، بىر ئېغىز كۇتۇپخانا سېلىندى. كۇتۇپخانىغا ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ ۋە بەزى ئۆلىمالارنىڭ ھەدىيەلىك كىتاپلىرى قويۇلدى. ئەينى چاغدىكى تەجەللىنىڭ تالىپلىرى ۋە باشقىلار بۇ كۇتۇپخانىغا دائىم كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىللە ئالىمنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ تۇرغانىدى. ئارىدىن 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ، 1957-يىلىغا كەلگەندە مىللىي مەدەنىيەتكە قارشى تەتۈر ھەرىكەتلەر باشلىنىپ ئالىمنىڭ مەقبەرىلىرىنى زىيارەت قىلىش چەكلەنگەن ۋە پەنجىرىلەر بۇزۇلۇپ، ياغاچلىرى ئوپچە ئاشخانىنىڭ ئوچاقلىرىغا قالانغان. ھوجرا، كۇتۇپخانىلار يىقىتىلىپ، ياغاچلىرى كەنتنىڭ ئورگانلىرىغا ئىشلىتىلدى.

تاكى 1980-يىللارغىچە ئالىمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىسمىنى تىلغا ئېلىشمۇ جىنايەت ھېساپلىنىدىغان بولدى. 1980-يىلدىن كېيىنكى بىر قىسىم سىياسى كەڭچىلىكتىن كېيىن، ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ كىشىلەر قولىدا ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم ئەسەرلىرى مەتبۇئاتلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە باشلىدى. 1984-يىلى دراماتۇرگ شۈكۈر يالقۇننىڭ كۈچلۈك تەلىپى ۋە شۇ چاغدىكى قەشقەر مەمۇري مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەيسا شاكىرنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرىنى يىغىپ رەتلەش ۋە مازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ جەرياندا ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ«دىۋانى ئەرەبى»، «تۆھپەتۇل بەررەين»قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ تېپىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئەتراپلىق لايىھە تۈزۈلۈپ مازار قۇرۇلۇشى باشلاندى. قەبرە ئەتراپىغا ئاق گەجدىن ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر، ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر ياغاچ پەنجىرىلىك ئايۋان ياسالدى. ئايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر كەڭلىكى تۆت مېتىر بولۇپ، ئەتراپىغا پىششىق خىش بىلەن قورۇق تام سېلىندى. دەرۋازا بېشىغا بولسا سەككىز مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنار گۇمبەزلىك قىلىپ ياسالدى. ھازىرقى كۆلىمى 450 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ھەيۋەتلىك مەقبەرە ئالدىغا ئورمان بەلبېغى ياسىلىپ، ھەر خىل كۆچەتلەر تىكىلدى ۋە مەقبەرە ئالدىدىن چوڭ يولغىچە يول ياسالدى. 1992-يىلى بۇ مەقبەرىنى

ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. 2007-يىلى بولسا دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئاسارە-ئەتىقىلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. 2001-يىلى مەشھۇر ھەيكەلتىراش ئۆبەيدۇللا مۇھەممەد ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ خاتىرە ھەيكىلىنى ئويۇپ چىقتى. ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى يېرىم مېتىر، ئېغىرلىقى 100 كىلوگىرام كېلەتتى. كېيىن قاغىلىق ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئادەم ئەۋەتىپ ھەيكەلنى سېتىۋالدى.[50]




## ھۇسەيىنخان تەجەللى ھەققىدە يېزىلغان مەرسىيەلەر

1927-يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 12-كۈنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ئىنتايىن قايغۇلۇق، مۇسىبەتلىك بىر كۈن بولدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئالىملار، شائىرلار تەجەللىنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە بەس-بەستە قايغۇلۇق مەرسىيەلەرنى يېزىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماي قالمايتتى. بۇ ھەقتە يېزىلغان مەرسىيەلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە مەن مىسال سۈپىتىدە ئوتتۇز ئىككى بېيىتتىن تەركىب تاپقان، ھەربىر بېيىتى ئەبجەد ھېسابى بويىچە تەجەللىنىڭ ۋاپات تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىڭ ئامراق دوستى ۋە ئىلغار شاگىرتلىرىدىن شەمسىددىن داموللامنىڭ ئەرەبچە مەرسىيەسىنى شېئىرى شەكىلدە تەرجىمە قىلىپ، ھوزۇرۇڭلارغا سۇنۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇم.[51]

### كەتتى

تەجەللى كەتتى، ۋاپات تاپتى،
ساداقەت، تىل، ئەدەب كەتتى،
شېئىر، غەزەل، دىن، مەرتىۋە،
نامۇ نەسەب ئەجەپ كەتتى.

قالتىس شائىر، ماھىر سۆزمەن،
ماختىغان ئۇ مۇستاپا نى،
ئاڭا ئىھسان يامغۇر كەبى،
سېخىلەرچە يېغىپ كەتتى.

پەزىلەت ھەم دىن، ئەخلاقتا،
بىرىنچى بولدى ھەر باباتا،
ئاخىرەتكە بىزنى تاشلاپ
ئالدىراپلا يۈرۈپ كەتتى.

ماھىر تېۋىپ، قولى شىپا،
زېرەك ھەمدە شىجائەتلىك،
جاسارەتلىك، يولۋاس كەبى
باتۇرلارچە سەكرەپ كەتتى.

(50) مۇختار ماموت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى 2011. 362-369بەتلەر.

(51) مۇختار ماموت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى 2011، 12-15بەت.

يىنغىلاپ قالدى بۈگۈن مانا،
پەزىلەت ھەم ئەدىبلەرمۇ،
مۇسىبەتچۈن قۇياش تۇتۇق،
بۇلۇتلارمۇ تۇرۇپ كەتتى.

ئۇنۇتتۇردى بۇ پاجىئە،
جىمى كۆلپەتنى ھەم دەردنى،
سۆھبەت تاپقان ھەممە خەقنى،
جىمى تالىپنى ھۆڭرەتتى.
نەسىھەت ھەم يول باشلاشنى،
ئۆزۈڭگە يار قىلدىڭ ئەي زات،
جىمى شانۇ شەرەپ ساڭا،
بىلگىن مەنسۇپ بولۇپ كەتتى.

چاقىردى رەب «لەببەي دېدىڭ»،
رامىزاندا ئۆلۈپ كەتتىڭ،
جىمى ئىنسان مۇسىبەتتە،
پەلەككە ئاھۇزار يەتتى.

قۇتۇلدۇڭ تېز بۇ ئالەمدىن،
قايغۇ-ھەسرەت، دەرد-ئەلەمدىن،
نازۇنېمەت، يېقىن-قۇربەت،
ساڭا نائىل بولۇپ كەتتى.

پەزىلەت بابىدا بولدۇڭ،
يېگانىسى بۇ ئالەمنىڭ،
ئەدەپ-ئەخلاق، پاراسەتتە،
تەڭدىشى يوق شائىر كەتتى.

ھەر بىر مىسراسى شېئىرىڭنىڭ،
تارىخ-چېسلانى يۇشۇرغان،
شاھى بولغان ئىدىڭ شېئىرنىڭ،
سەن كەتتىڭ، شېئىرمۇ ھەم كەتتى.

ساڭا ئەگەشكەن شۇ شائىرلار،
بالاڭ كەبى ۋە يا ئەھلىڭ،
سورايدۇ نامۇزىڭىرىڭنى،
ھەيرانلىق ۋە يا گۇمان كەتتى.

گۈزەل سۆزۈڭ، شېئىر، چاچماڭ،
ئەجەب مۇھىم گويياكى روھ،
ۋە ياكى بال-ھەسەلدۇر ئۇ،
لېكىن كەتتىڭ ئۇمۇ كەتتى.

بۇ مىللەتكە نېمە بولدى؟
ئۈمىدلىرى تۇزۇپ كەتتى،
ئۆلۈپ كەتتىڭ، بەخت كەتتى،
قايغۇ-ھەسرەت پېتىپ كەتتى.

شەمسىدىن ئاتلىق شاگىرتىڭ،
ساڭا ئوقۇيدۇ مەرسىيە،
ئەي ئۇستازىم! تىلىم ئۆتكۈر،
جىمى دەردنى يېزىپ كەتتى.

ھەر مىسراسى قەسىدەمنىڭ،
ئاڭا سەن باق نېمە قىلدى؟

تەجەللىنىڭ ۋاپات يىلىنى،
سېخىلەرچە بېرىپ كەتتى.

مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

## ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئىلمى ئەسەرلىرى:

ھۇسەيىنخان تەجەللى نۇرغۇنلىغان ئىلمى ئەسەرلەرنى يازغان مول ھوسۇللۇق ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تۆۋەندىكىدەك قىسىملارغا ئايرىشقا بولىدۇ:

**بىرىنچى قىسىمى: دىنى ئەسەرلەر بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:**

**قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەپسىرى:** ئالىم بۇ ئەسەرنى مىلادى 1910-يىللىرى ئەتراپىدا ئابدۇقادىر داموللام، شەمسىددىن داموللام، ھۈسەيىن باي ھاجىم ۋە باھاۋۇدۇن بايلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن يازغان. بۇ ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئىنتايىن ياخشى تەپسىر بولۇپ، گەرچە تولۇق تاماملانمىغان بولسىمۇ، بىر نەچچە پارىسى شەمسىددىن داموللامدا ساقلانغان. شەمسىددىن داموللام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىتىپ قويغان.

**تەجدىدۇل كەششاف:** بۇ تەپسىرنىڭ ئاپتورى زەمەخشەري دېگەن نام بىلەن تونۇلغان خارازىملىق ئالىم مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر دېگەن كىشى بولۇپ، مۇئتەزىلە ئېتىقادىدا ئىدى. بۇ تەپسىردە ئۇنىڭ گىرامماتىكىلىق ۋە باشقا جەھەتلەردە ناھايىتى ئىلغار قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، سۈننىي ئەقىدىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ تەپسىرنىڭ مۇئتەزىلە قارىشىغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ تەپسىردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر خىزمەت كۆرسەتكەن. بۈيۈك ئالىم تەجەللى بۇ كىتابنى قايتا ئىشلەپ تولۇقلىغان ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى مۆكەممەللەشتۈرگەن ئاساستا شەرھى يازغان، شۇڭا تەجەللىنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ نامى «تەجدىدۇل كەششاف» كەششافنى يېڭىلاش دېگەن نام بىلەن تارقالغان، لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ نەدىلىكى تېخىچە نامەلۇم.

**مۇرەققى كەلىمە شەرىف:** بۇ كىتاب 1968-يىلى گوما ناھىيىسىنىڭ ئىسمىسلا كەنتىدە كۆيۈپ كەتكەن. بۇ كىتابتا «دىن دېمەك ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش دېمەكتۇر. پەن دېمەك ھۈنەر-سەنئەت ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش دېمەكتۇر» دېگەن ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا توغرىسىدىكى ئىلىم پەن ھەقىقىتىنى ئىلمى ھال ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، پەننىڭ يىلتىزى دىندىن كېلىپ چىققانلىقىدىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم بولغان دۇنياۋى تالاش-تارتىشنى ئىنجىل، زەبۇر، تەۋرات، قۇرئان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىنسانىيەتنىڭ كاتتا دەستۇرلىرىدىن دەلىل-ئىسپات كۆرسىتىپ، بولاردىن قايسىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەم زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىلمىي، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر بىلەن بايان قىلغان. ئالىم تەجەللى بۇ كاتتا تەتقىقات ئەسىرىنى توققۇز يىل سەرپ قىلىپ يازغان ئىكەن.

**ئىككىنچى قىسمى: ئەدەبى ئەسەرلەر بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:**

**بەرقۇ تەجەللى:** (تەجەللىنىڭ قەلبىدىن چاقناپ چىققان چاقماق)

شائىرنىڭ بۇ ئەسىردە تۈركىي تىل بىلەن يېزىلغان ئىككى قەسىدە، پارس تىلى بىلەن يېزىلغان بىر نەچچە

قەسىدە بار. بۇ قەسىدىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئىلمىي، پەلسەپىۋى پىكىرلەر بايان قىلىنغان، بەزىلىرىدە مەدھىيە ئاساس قىلىنغان، بەزىلىرىدە ئىمان، تەۋھىدنىڭ دەلىللىرى شەرھىلەنگەن، بەزىلىرى مەرسىيە تىپىدا يېزىلغان، بەزىلىرىدە مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بەزىلىرىدە زامان مۇتەئەسسىپلىرى ھەجۋى قىلىنغان. بۇ قەسىدىلەر پاساھەت ۋە بالاغەتتىكى كاملىلىقى، مەزمۇن ۋە مەقسەتلىرىنىڭ بۈيۈكلۈكى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن شۆھرەت تاپقان. شائىرنىڭ بۇ قەسىدىلىرى ئاتۇشلۇق ھۆسەيىن ھاجىم ۋە باھاۋۇدۇن بايلار تەرىپىدىن قەشقەردە تاش مەتبەئەدە بېسىلغان.

**سەبقۇ مۇجەللى:** بۇ ئەسەر ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ياشلىق دەۋرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە يازغان بىرنەچچە پارچە مەدھىيە قەسىدىلىرى، بۇرادەرلىرىگە ئاتاپ يازغان قەسىدىلەر، ھەر بىر مىسراسىدىن ۋەقەلىكنىڭ يىلىنى بىلگىلى بولىدىغان مەرسىيەنامىلەر قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان 788 بېيتلىق ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمىدۇر. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىمۇ «بەرقى تەجەللى» ناملىق ئەسىرى بىلەن بىر چاغدا نەشر قىلىنغان.

**تۆھپەتۇل بەررەين: (ئىككى قۇرۇقلۇق ئۇچۇن تۆھپە).**

بۇ تۈركىيەدىكى ئىسلام خەلىپىسى ئابدۇلھەمىدخانغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئەسەردۇر. بۇ ئەسەردىكى سۇلتان ئابدۇلھەمىدخاننى مەدھىيىلىگەن ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان بىر قەسىدىدىن باشقا قەسىدىلەرنىڭ ھەممىسى پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ قەسىدىلەرنىڭ بەزىسى شائىرنىڭ تارىخى، تەرجىمىھالى، بەزىسى مۇتەئەسسىپ ھەسەتخورلارغا ھەجۋى، بەزىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيە، بەزىلىرى بولسا زامانىنىڭ قولايسىزلىقىدىن شىكايەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆزىگە ئالىدۇ.

**سەبدەرنامە** (قەھرىمانغا بېغىشلانغان).

سەبدەرنامە تۈرك، پارس تىللىرىدا يېزىلغان شېئىرى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يوقالغان.

**مەجمۇئەتۇل قەسائىد** (قەسىدىلەر توپلىمى).

ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ بىر قىسىم قول يازمىسى ئايرىم كىشىلەردە ساقلىنىۋاتىدۇ.

**دىۋان ئەرەبى** (ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمى).

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ «بەرقۇ تەجەللى، سەبقۇ مۇجەللى» ناملىق ئەسەرلىرى يورۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچىلىك ئەرەب تىلىدا يازغان ئەڭ پاساھەتلىك، بالاغەتلىك قەسىدە، رۇبائىي، غەزەل، قىتئەلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. بىرىنچى

قىسمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېغىشلانغان مەدھىيە، قەسىدىلەرنى ئىككىنچى قىسمى ھېكمەتلىك نەسىھەتنامىلەر، ئالىم ۋە ئەدىبلەرگە ئاتاپ يېزىلغان مەدھىيىلەرنى، شۇنىڭدەك ھەجۋىي-تەنقىدىي شېئىرلار مەرسىيەنامىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىسىنى شائىر ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ سادىق، سەممىمىي، قەدىردان شاگىرتى ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمغا تاپشۇرغان، داموللام شائىرنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، شېئىرلارنى ئۆز قەلىمى بىلەن رەتلەپ چىققان بولسىمۇ، نەشر قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيىتى يار بەرمىگەن.

**تىلسىمى ئىشق** ( ئىشقى مۇھەببەتنىڭ سىرلىق تىلسىماتى)

بۇ ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان مۇھەببەت ناخشىلىرى ۋە ھېكمەتلىك غەزەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەسلى نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن.

**دىۋان ھۇسەيىنخان:** بۇ ئەسەر مىلادى 1905-1906يىللىرى يېزىلغان. فورماتى 18×22، 69 بەت. بۇ ئەسەر ئەرەبچە قولىيازما شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا1257-XGQ نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.

**ياغلىقتا كەشتىلەنگەن قەسىدە:** ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ بۇ قەسىدىسى ئىنچىكە كەندىر يىپىدىن نەپىس توقۇلغان ھەم كەشتە ئىشلەنگەن ئاچ ناۋات رەڭلىك ياغلىقتا رۇقئى خەت نۇسخىسىدا يېزىلىپ، چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ياغلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 103سانتىمېتىر كەڭلىكى95 سانتىمېتىر بولۇپ، تۆت چېتىكىدىن 4.5 سانتىمېتىردىن تەكشى ئارىلىق قويۇپ، سېرىق مەشۇت يىپتا تەرەپلىرى ھەرە چىشى شەكلىدە چىقىرىلغان سەل ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك نۇسخا كەشتىلەنگەن.

قەسىدە 44 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ ئون مىسراسى تۇتۇق سېرىق رەڭدە، قالغان ئوتتۇز تۆت مىسراسى بولسا قېنىق زەپەر رەڭدە يېزىلغان. شائىر بۇ قەسىدىسىدە ئۆز يۇرتى قاغىلىقنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كۈيلەيدۇ، شۇنداقلا نورۇز كۈنى يۇرتىغا كەلگەن بىر خىزىر سۈپەت زاتقىمۇ مەدھىيە ئوقۇيدۇ، بۇ قەسىدىنىڭ تىلى پاساھەتلىك بولۇپ، شائىرنىڭ بەدىئىي ئىستېداتىنى نامايەن قىلىپ بېرەلەيدۇ.

**تەمەتىل ھاۋاشى ئىزلەتىل غەۋاشى** (مۇختەر مۇھەممەدىي شۇ ئىسمىدا تىلغا ئالغان، لېكىن كىتاب ئىسمى ئەرەبچە بولۇپ، <تەتىممەتۇل ھەۋاشىي ئىزالەتۇل غەۋاشىي> بولسا، توغرا بولىدۇ): ئاپتورى مەۋلانە ھۇسەيىن دېيىلگەن. ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى مىلادى 1894-1893يىلى، فورماتى 19×28، 156بەت، ئەرەبچە تاش باسما، مەزمۇنى: ناتىقلىق، مۇنازىرىلىشىش، ۋە زېھىن ئاشۇرۇش ھەققىدىكى بايانلاردىن ئىبارەت. بۇ كىتاب ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى

ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XKQ-652 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىلى، دەۋرى ۋە ئاپتورىنىڭ ئىسمىدىن قارىغاندا تەجەللىنىڭ كىتابىدەك تۇرىدۇ. لېكىن تەپسىلىي تەكشۈرۈپ باققاندىن كېيىن ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى قىسمى: تېببى ئەسەرلەر بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**مۇرەببى تەجەللى:** بۇ كىتاب قول يازما بولۇپ، خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان، جەمئىي 83 ۋاراق، 166بەت. بۇ ئىلمى نۇجۇم ۋە خىمىيە ئارقىلىق ھەكىملىك قىلىپ كېسەل داۋالايدىغان ئەڭ مۇھىم كىتاب بولۇپ، ياخشى ساقلانغانمىغانلىقتىن بەزى جايلىرىنى چاشقان يېگەن ئىكەن. بۇ كىتاب تېخى قولىمىزغا تەگمىدى. ئەمما تەجەللىنىڭ نەۋرىسى سەئىد قۇتبىدىنخانىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كىتاب قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئۇششار باش بازار يۆل ئېرىق كەنتىدىكى تۇرسۇن قادىر ئىسىملىك كىشىدە ساقلىنىۋېتىپتۇ.

**شىپاھى شەيخ:** بۇ جەملەنگەن رېتسىپلار بولۇپ، كونكرېت مەزمۇنى نامەلۇم. ئۇ ئاپەتلىك دەۋرلەردە كۆيۈپ كەتكەن. كىتابىنىڭ بەزى جايلىرىدا شەيخ بەسرە دېگەن سۆزلەرمۇ بار. بۇنىڭدىن تەجەللى ئىراقنىڭ بەسرە دېگەن شەھىرىگە بارغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

**شىپايى سىيادادى:** بۇ كىتاب مەشھۇر خىمىيە ئالىمى، شائىر ھۇسەيىنخان تەجەللى تەرىپىدىن مىلادىيە 1903-يىلى يېزىلغان بولۇپ، كىتابتا ئاساسەن مەجۇن، ھەببە، سۇپۇپ، شەربەت ۋە سىرتتىن ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان مەلھەم دورىلار، گىلى ھېكمەت، ھىجامەت، شاخچە ۋە قىبىيال تومۇرلاردىن قان ئېلىش ئۇسۇلى، پەي، مۇسكۇل، سۆڭەك، بوغۇملارغا چۈشكەن كېسەللىكلەر، شۇنداقلا قان، سەپرا، سەۋدا، بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەر سۆزلىنىپ، بىمارلارنىڭ كېسەللىرىگە سەۋەب قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىپ، تېنى ساق، ئۆزى باتۇر، تەن دۇرۇس كىشىلەردىن بولۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن. كىتابتا يەنە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، داۋالاش تېخنىكىسىنى ۋە دورىگەرلىكنى ئىسلاھ قىلىش، دوختۇرلارنىڭ تېببىي بىلىملىرىنى يېڭىلاپ تۇرۇش ھەققىدىمۇ كۆپلىگەن تەۋسىيەلەر بار.

تەجەللى ھەزرەت ياشانغان چاغدا بىر قېتىم سىرتقا كېسەل داۋالىغىلى چىقىپ كەتكەندە كۆرەلمەس، يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئۆيىگە ئوت قويىۋەتكەن. ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغانلىرى 1948-يىلى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن نابۇت قىلىۋېتىلگەن. بىر قىسىم قولىيازمىلىرى تەجەللىنىڭ ئوغلى سەييىد زۇئۇل ھۇداخانىنىڭ قولىدا ساقلانغان بولسىمۇ، «شىپايى سىيادادى» ۋە «دىۋان ئەرەبى» دېگەن ئىككى كىتابتىن باشقىلىرى 1968-يىلى «كىچىك باتۇرلار» تەرىپىدىن

كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. تەجەللىنىڭ نەۋرىسى سەئىد قۇتبىددىنخان شىپايى سىيادادى ناملىق كىتاب ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شىپايى سىيادادى» ئەرەب، پارس ۋە ئوردۇ تىللىرى ئارىلاش قوللىنىپ يېزىلغان مول مەزمۇنلۇق، قىممەتلىك كىتاب بولۇپ، ئۆسمۈر چاغلىرىمدا دادامنىڭ «شىپايى سىيادادى»دا يېزىلغان رېتسېپلار بويىچە نۇرغۇن بىمارلارنى داۋالاپ شىپا تاپقۇزغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.[52]

**مۇجەررىباتى تەجەللى:** كىتاپنىڭ ئاپتورى: ھۈسەيىنخان تەجەللى، تىلى: چاغاتايچە، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان. ئەسەر چوڭ سەككىز كەسلەم. 1000 بەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرى، ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرى بايان قىلىنغان. كېسەللىكلەرنى تونۇش ئۇسۇلى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئىزاھلانغان. ئىچكى، تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار، باللار كېسەللىكلىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، بەش ئەزا كېسەللىكلىرى قاتارلىق 900 خىلدىن ئارتۇق كېسەللىكنى تونۇپ داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەمدە 1300 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلار تونۇشتۇرۇلغان. بۇ رېتسېپلار ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىپ كېلىنگەن.

**ئىسكىرىي ئەزەم:** بۇ كېسەللەرنى تونۇش، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك بىر گەۋدە قىلىنغان كىتاب بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلىپ، ھىندىستاننىڭ دېھلىدا بېسىلغان. ئاپتورى: ھەكىم مەمەت ئەزەمخان، 774 بەتلىك، پارسچە يېزىلغان ھەم ئەرەبچە بېسىلغان كىتاب بولۇپ، تەجەللى ھەزرەت بۇ كىتابنى كونا ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان.

**تۆتىنچى قىسمى: پەننى ئەسەرلەر**

**ئاسترونومىيە ھەققىدە:** بۇ كىتابنى 1958-يىلى بېيجىڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقىدىن ئېلىپ كەتكەن.

**رۇمۇزى:** بۇ كىتاب ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن.

بۇلاردىن باشقا شائىرنىڭ يەنە بىر نەچچە پارچە شېئىر ۋە بۇرادەرلەرگە تەقدىم قىلغان خەتلىرى بار بولۇپ، ئۇلار قەشقەر قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ[53].

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

مۇختارماموت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى 2011.

ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ «بەرقۇ

(52) مۇختار ماموت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 121-118بەتلەر. (121-بەتتە بۇ كىتاب نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ دېيىلگەن).

(53) مۇختار ماموت مۇھەممەدي، ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىل، 17-25بەتلەر. (ھۈسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەلۇماتلار مەزكۇر كىتاپتىن قىسقارتىپ رەتلەندى.)

تەجەللى » نامىلىق دىۋانى

ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ «سەبقۇ مۇجەللى » نامىلىق دىۋانى

ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ «مىفتاھۇل ئەدەب»

«بۇلاق» ژۇرنىلى، 1986-يىل، ئومۇمىي 18-سان

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 1996

ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك ئىلمى ژۇرنىلى، سان: 1

مۇھەممەد سالىھ دامولللاھاجىم، «ئاتا-بالىنىڭ قەسىدىلىرىدىن تىزىلغان مارجانلار» دارۇل بەسائىر نەشرىياتى، قاھىرە، 2012

**ئەسكەرتىش:** ۋەتىنىمىزدە ھۇسەيىنخان تەجەللىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر بىر يازغۇچى مەلۇم تەرىپىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ پارچە ماقالە يازغان، ياكى بىر قەدەر ئۇنىۋېرسال مەلۇمات بەرگەنلىرىمۇ ئىنتايىن يۈزەكى ياكى رەتسىز شەكىلدە بەرگەن. بۇ ماقالىدە ئاپتور تەجەللىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ماقالىلەردىن تەتقىقات پرىنسىپى بويىچە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئارقىلىق رەتلەش، يۇغۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ پەرقلىق ئىلمىي يول تۇتقان.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئاتائۇللاھ سەئىد






(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## مەخسۇس سەپسەتىلەرنى بىتچىت قىلىش

### بىرىنجى: زىنانىڭ جازاسى

شۇبھىچىلەر مۇنداق دەيدۇ: زىنا ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن سادىر بولىدىغان ئىش بولۇپ، زىنا قىلغۇچىلارنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكىدۇر.بۇنداق ئەھۋالدا زىنا قىلغۇچىغا جازا يۈرگۈزۈش ئىنساننىڭ شەخسىي ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلغانلىق ۋە جىنايەتچىنىڭ ئادىمىلىكىنى دەپسەندە قىلغانلىقتۇر. يەنە كېلىپ بۇ خىل جازا كۈنىمىزدە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىنسانىيەتكە ئەزىيەت بەرگەنلىكتۇر.

### بۇ سەپسەتىنى بىتچىت قىلىش يولى

ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى ئاستىدا زىنا قىلىش ھەر كىشىنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكى دېيىش ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى رەت قىلىدىغان ئاساسسىز سۆزدۇر. چۈنكى ئىنسان ئۆزىگە ۋە ياكى باشقا بىرىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلاردا ئەركىن ئەمەس، ھەم بۇنداق ئەركىنلىكمۇ يوق. ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئاندىن ئەركىنلىك ھېساپلىنىدۇ.

زىنانىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكى، ئىككى زىناخورغا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە زىيانيەتكۈزىدىغانلىقى شەرىئەت تەرەپتىن ۋە ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى تەرەپتىن ئىسپاتلانغان بىر ھەقىقەتتۇر.

ھەربىر يامان ئىش شۇ ئىشنى قىلغۇچىنىڭ رازىلىقى سەۋەبلىك ياخشى ئىشقا ئايلىنىپ قالمىغىنىدەك، شۇ يامان ئىشنىڭ زىيانلىرى ۋە يامان تەسىرلىرىمۇ يوقاپ كەتمەيدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، جىنايەتنى جىنايەت دەپ قاراش ۋە جىنايەت سادىر قىلغۇچىنى جازالاش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

زىنانىڭ جازاسىنى قاتتىق قوللۇق، ئادىمىلىكنى دەپسەندە قىلىش، دەپ قارايدىغانلارغا كەلسەك، بۇلارغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى: زىنا قىلغۇچى زىنادىن ئىبارەت بۇ

قەبىھ قىلمىشى سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى دەپسەندە قىلدى ۋە يۈز ئابرويىنى تۆكتى. ئەگەر بۇ قىلمىشنى سادىر قىلمىغان بولسا ئىدى ئەلبەتتە جەمئىيەتتىكى ھۆرمىتىنى، يۈز ئابرويىنى ساقلاپ قالغان مۆھتەرەم كىشىلەر قاتارىدىن بولاتتى.

ئىسلام شەرىئىتى، تويى قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشىگە رەجمى «تاش كېسەك» قىلىش جازاسىنى بېكىتكەن.بۇ بولسا ئاڭلىغان كىشىگە قورقۇنچ ھېس قىلدۇرىدىغان كۈچلۈك قورال بىلەن چوڭ خاتالىقتىن ئاگاھلاندۇرغاندەك بىر ئىشتۇر. يەنە كېلىپ بۇ جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن جىنايەتچىنىڭ جىنايىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشى ۋە ياكى تۆت گۇۋاھچىنىڭ جىنايەتنى ئوچۇق-ئاشكاراكۆرگەنلىكىگە شاھىد بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى شەرتنىڭ بىرىنىڭ ھازىرلىنىشى كېرەك.

زىنا قىلغۇچىنىڭ ئۆز قىلمىشىنى ئېتىراپ قىلىشى كەم ئۇچرايدىغان بىر ئىشتۇر. قىلمىشىنى ئېتىراپ قىلدى دېگەن تەقدىردە، قازى جىنايەتچىنى سوتلاپ ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن قىلغان ئىشىغا تەۋبە-ئىستىغپار قىلىشقا، بۇ جىنايەتكە يېقىنلاشقان، ئەمما سادىر قىلمىغان بولسا،ئۇنى مەخپىي تۇتۇپ ئاللاھقا تەۋبە قىلىشقا ئۈندەيدۇ. جازالاشقا ئالدىرىمايدۇ. بۇمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئېسىل خىسلەتلىرىدىن بىرىدۇر.

تۆت ئادەمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش مەسىلىسىنى ئويلىنىدىغان بولساق، ئەگەر جىنايەتنى شەرت قىلىنغان تۆت گۇۋاھچىدىن ئۈچى كۆردى دېگەن تەقدىردىمۇ بۇ ئۈچ گۇۋاھچى تۆھمەتخورلۇق جىنايىتى بىلەن جازالانماسلىق ئۈچۈن، بۇنى ھېچكىمگە تىنمايدۇ بۇ ھالەتتە جىنايەتچى يەنىلا جازالانمايدۇ.

گۇۋاھچىلارنىڭ سانى تۆتكە يەتمىگەن تەقدىردە، گۇۋاھچىلار تۆھمەتخور دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى زىنا جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگۈچىنى جازالاشنىڭ سەۋەبى بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ جازالىنىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ.

تۆت گۇۋاھچى تولۇق بولغاندىن كېيىن، ئەيىبلەنگۈچى جازاغا ھەقلىق بولىدۇ ۋە جازالىنىدۇ.

تۆت نەپەر ئىشەنچلىك ۋە ئادىل ئەر گۇۋاچىنىڭ جىنايەتچىنى زىنا قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرگەنلىكى، زىناخورنىڭ ھېچكىمدىن تەپ تارتماستىن جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى، شۇنداقلا ئومۇمنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناۋىتىنى دەپسەندە قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بىر جەمئىيەتتە مۇشۇنداق قەبىھ جىنايەتنىڭ تەپ تارماستىن سادىر قىلىنغانلىقى خۇددى ئوتقا ياغ چاچقاندەك ۋابانىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، زىناخورغا بېرىلگەن جازا ئۇنىڭ ئادىمىلىكىنى دەپسەندە قىلغان ئەمەس، جەمئىيەتنى

ئادەمىيلىك قىلىپىدىن چىققان قەبىھ جىنايەتلەردىن تازىلىنالىغانلىقتۇر.

## ئىككىنجى: مۇرتەدلىك «دىندىن يېنىۋېلىش» نىڭ جازاسى

شۇبھىچىلەر مۇنداق دەيدۇ: مۇرتەدگە بېرىلگەن جازا قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە ئورۇندا سۆزلەنگەن «دىندا مەجبۇرلاش يوق» دېگەن پرىنسىپقا زىت كېلىدىغان ئېغىر جازا شەكلى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَآ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ﴾ «دىندا زورلاش يوقتۇر»[1] ﴿وَلَوْ شَاءَ رَبُّكَ لَآمَنَ مَنْ فِي الْأَرْضِ كُلُّهُمْ جَمِيعًا أَفَأَنْتَ تُكْرِهُ النَّاسَ حَتَّىٰ يَكُونُوا مُؤْمِنِينَ﴾ «ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟»[2]. شۇنداق بولغان ئىكەن، ھەر ئىنساننىڭ ئۆزى توغرا دەپ قارىغان دىنغا ئەگىشىش ئەركىنلىكى بار. يەنە بىرگە بۇ جازا سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار سېپىغا قورقۇنچ پەيدا بولۇپ، نىپاقنىڭ تارلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

## بۇ سەپسەتىنى بىچىت قىلىش

ئۇلارنىڭ «مۇرتەدگە جازا بېرىش دىندا مەجبۇرلاش يوق، دېگەن قۇرئان كەرىمنىڭ پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى: ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى خاتادۇر. چۈنكى يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتە سۆزلەنگەن دىندا مەجبۇرلاش يوق، دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئەسلى ماھىيىتى دىنغا دەسلەپتە كىرىشتە ھېچ كىشى مەجبۇرلانمايدۇ؛ ئىسلام دىنىغا كىرىشنى ئويلايدىغان ئادەم ئۆز ئىختىيارلىقى، قانائىتى ۋە قىززىقىشى بىلەن كىرىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى رەببىمىز ئاللاھ تەرەپتىن پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىنغان، بەندىلىرى ئۈچۈن رازى بولغان ھەق دىن بولۇپ، ئاللاھ ھېچكىمدىن ئۇنىڭدىن باشقا بىر دىننى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن بۇ دىنغا مۇشۇ ھالەتتە قانائەت بىلەن كىرگەندىن كېيىن خالىغانچە چىقىپ كەتسە، ئەڭ توغرا يولنى ئازغۇنلۇققا تېگىشسە، ھەق دىننى باتىل دىنلارغا ئالماشتۇرسا، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئازغۇنلۇق بولمىسا كېرەك.

ئىمان ھالاۋىتىنى تېتىغان، ئىمان سايىسىدا ياشىغان قەلب ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن يانمايدۇ، كەينىگە داجىمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇغۇن كەينىگە يانغان بولسا، بۇنداق نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ توغرا يولدىن ئازغان كىشىنىڭ يولى پەقەتلا ئازغۇنلۇقتۇر. ئۇنىڭ ياخشى يولغا قايتىپ كېلىپ ئىسلاھ قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئىسلاھ بولۇشىدىن ئۈمىد بولمىغان بۇنداق تۇتۇرۇقسىز كىشىنىڭ ئۆلۈمدىن باشقا يولى يوقتۇر.

ئۇلار يەنە: ھەر ئىنساننىڭ توغرا دەپ قارىغان دىنغا ئەگىشىش ھەققى بولىدۇ، دىندىن يېنىۋالغان كىشىگە بېرىلگەن بۇ جازا ئىنساندىكى بۇ ئەركىنلىككە زىت بىر ئىشتۇر، دېيىشىدۇ.ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە ئىككى

(1) بەقەرە سۈرىسى: 256-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) يۇنۇس سۈرىسى: 99-ئايەت.

تەرەپتىن جاۋاپ بېرىمىز:

بىرىنچى: ئىنسانىنىڭ ئەركىنلىكى چەكلىك بولۇپ، ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتلىنىدۇ. دىندىن يېنىۋېلىش ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە ۋە جەمئىيىتىگە ناھايىتىمۇ ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

دىندىن يېنىش سەۋەبلىك مۇرتەدنىڭ پۈتۈن قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولىدۇ. دۇنيا-ئاخىرەتلىكى زىيان ئىچىدە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىدە دىنغا ئۆچمەنلىك قىلىش، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەقىدىسىنى ۋە ئۈممەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى كونتورول قىلىۋاتقان ئىنتىزاملارنى كۆزگە ئىلمەسلىك ۋە تەنە قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.

ئىككىنچى: مۇرتەدگە جازا بېرىش ئىنسانىنىڭ ئۆزى خالىغان دىننى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئەركىنلىكىگە زىت ئەمەس. چۈنكى ئەقىدە ئەركىنلىكى دېمەك، ئىنسانىنىڭ سۆزىگە ۋە قىلىۋاتقان ئىشىغا سادىق بولۇشى، بىر ئېتىقادتىن يەنە بىر ئېتىقادقا يۆتكىلىشتە ۋە يۆتكەلگەنلىكىنى كىشىلەر ئالدىدا ئاشكارىلاشتا ساغلام ئەقىلگە ئىگە بولۇشى كېرەك، دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ.

قانداق ئىدىيە ۋە قانداق ئەقىل ياراتقۇچىنى بىر دەپ بىلمىگەن تەۋھىد ئەقىدىسىدىنشېرىك ئەقىدىگە چىقىشنى توغرا دەپ قارايدۇ؟ كىممۇ ھەر تەرەپتىن ئىنسانىنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئادالەتنى ياقلايدىغان بىر دىندىن چىقىپ، ئادالەتكە زىت كېلىدىغان ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتمايدىغان بىر دىنغا قانداقمۇ كىرىدۇ؟ ھېچقانداق ساغلام ئەقىل بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

ھەقىقىي ئەركىن پىكىر ئىگىسى بولغان ئادەم بۇنداق ئەخمىقانە بىر ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. قىلدى دېگەن تەقدىردە پەقەت نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئازغىنە ماددىي مەنپەئەتكە تەلپۈنۈپ، ئىسلامنى ئۆچ كۆرۈپ ۋە تۆۋەن كۆرۈپ قالىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم دىننى ئويۇن-تاماشا ئورنىدا كۆرۈپ، بىھۇدە نەرسىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلغان بولسا، بۇ كىشى بۇ ئىشنى پۇچەك پىكىردىكى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئىدىيىسىگە خىزمەت قىلىپ قىلغان بولىدۇ.

دېمەك، ئەركىنلىك دېگەن ھەق-ھوقۇق تونۇمايدىغان ھايۋاندەك خالىغاننى قىلىدىغان بىر نەرسە بولماستىن بەلكى ئاق-قارىسى ئېنىق بايان قىلىنغان، ياخشىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر ھەقىقەتتۇر.

ئۆلىمالارنىڭ مۇرتەدكە جازا بېرىش مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە نىپاق تاراپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ، چۈنكى مۇرتەدنىڭ دىندىن يانغانلىقى سەۋەبلىك ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى بىلىنگەندىن كېيىن دىندىن يېنىپ كاپىر بولغانلىقىنى يوشۇرۇپ ئۆزى باشقا دىلى باشقا ياشاشقا مەجبۇرى بولىدۇ؛ بۇ مۇناپىقنىڭ گەۋدىلىك سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر، دېگەن سۆزلىرىگە كەلسەك، بۇ سۆزلەر توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇرتەدكە جازا بېرىش

مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى خىيانەتنىڭ، مۇناپىقلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىلدۇر. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى: دىندىن يانغان مۇرتەدلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامغا ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي ۋە ياكى دۇنياۋى مەنپەئەتكە ئالدىنىپ ۋەياكى مۇسۇلمانلار سېپىدە جاسۇسلۇق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى سىرتقا يېيىش ئۈچۈن مۇرتەدلىكتىن ئىبارەت رەزىللىكنى تاللىغان. ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ۋە ئىسلامدىن چىقىپ مۇرتەد بولۇشى ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم مەقسەتلىرىگە يېتىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار ئىسلامغا كىرگەندىن باشلاپ مۇناپىقتۇر، خىيانەتچىدۇر. مەقسىتى ھاسىل بولغان ھامان ئىسلامدىن چىقىپ كېتىش ئۇلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتىدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ مەلۇم بولدىكى: مۇرتەد دىندىن يانغاندا ئۆلۈمنىڭ ئۇنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلسە ئىدى، دەسلەپتە ئىسلامغا كىرمىگەن بولاتتى. بۇنداق بولغان ئىكەن مۇرتەدكە جازا بېرىش مۇناپىقلارغا بولغان ئاگاھلاندۇرۇش بولىدۇكى،ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ساننىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولمايدۇ.

## ئۈچىنچى: ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقنىڭ جازاسى

ئۇلار دەيدۇكى: ئوغرى ۋە بۇلاڭچىلارنىڭ قول-پاچاقلىرىنى كېسىش جەمئىيەتكە زىيان سالغانلىقتۇر. بۇ جەمئىيەتتىكى بىكار نىبازلىققا سەۋەب بولىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئىشلەپ جان بېقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە پۇت-قولى يوق ئىشسىز، موھتاجلار كۆپىيىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ جازانىڭ ئورنىغا تۈرمىگە سولاپ ۋە ياكى تەربىيە قىلىش ئارقىلىق جازا بېرىلسە توغرا بولىدۇ.

## بۇ سەپسەتىنى بىچىت قىلىش يوللىرى

ئۇلار مۇشۇنداق دەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قاراشلىرى توغرا قاراش ئەمەستۇر. بەلكى ھەقىقەتنى بۇرمىلاش مەقسەت قىلىنغان، خاتا ئورۇندا دېيىلگەن توغرا سۆزدۇر. بۇنداق دېگەنلىك يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ئوغرى، بۇلاڭچىلار ئېغىر جازا بېرىلمەي ئاددى جازا بىلەن قويۇپ بېرىلسە،ئۇلار يەر يۈزىدە تېخىمۇ كۆپىيىپ جەمئىيەتنىڭ مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش يوللىرىنى كېسىدۇ، مەنپەئەتلىرىنى قولىدىن ئالىدۇ. كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى قولىدىن ئالىدۇ؛ ئاياللارنى، باللارنى قاراڭغۇ كېچىلەردە قورقىتىدۇ. ئۇلار پەقەت مال-دۇنياسىنىلا ئەمەس بەلكى كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى، تىرىشچانلىقىنى ئوغرىلايدۇ؛ باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ.

ئۇلار ئوغرىلىقسەۋەبلىك يوللۇق ئىشلەپ جان بېقىشتىن ھورۇنلۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق بولۇۋەرسە توغرا يول بىلەن مال-دۇنياغا ئىشلەۋاتقانلار ئىشلەشتىن توختاپ، بىكارچىلار قاتارىغا ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ جاپا

تارتىپ تاپقان مال-دۇنياسى جازاسى يەتكىلى بولغان ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلمىشلىرىدىن قوغدالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھالال جان بېقىش يولىنى تاشلايدۇ. كىشىلەر توغرا يول بىلەن كەسىپ قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق مال-مۈلۈك يىغىشتىن سوۋۇيدۇ-دە، جەمئىيەتتە ئىشسىزلىق نىسبىتى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ

دېمەك، ئوغرى پەقەت مال-مۈلۈك ئوغرىلىمايدۇ، مال-مۈلۈك بىلەن بىرگە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى، خاتىرجەملىكىنى،تىنچلىقىنى ئوغرىلايدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، بۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلىپ جازانى يېنىكلىتىش ئىنسانىنىڭ ئۆمرىنى خاراپ قىلغانلىق ۋە ئىنسانلىقىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى، تىرىشچانلىقىنى، مال-مۈلكىنى، خاتىرجەملىكىنى ۋەيران قىلغانلىقتۇر.

كۆپىنچە ھاللاردا ئوغرىلىق ئۆلتۈرۈش، جاراھەتلەندۈرۈش، يۈز-ئابروي تۆكۈش ۋە ئۆيلىرىدىكى ئائىلە مەھرەمىيىتىنى دەپسەندە قىلىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان چوڭ جىنايەتلەر بىلەن بىرلىكتە سادىر بولىدۇ. ئوغرى، بۇلاڭچىلار ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققان، ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلارنى ئۆي ئىگىلىرى بولسۇن ياكى باشقىلار بولسۇن جاراھەتلەندۈرىدۇ، يامىنى كەلسە ئۆلتۈرىدۇ. ھەتتاكى چوڭ شەھەرلەردە بۇنداق ئوغرى-بۇلاڭچىلىق ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان جايەتلەر يۈز بەرمەيدىغان بىر كۈنمۇ يوق. چۈنكى ئۇلاردا بۇ جىنايەتلەرگە بېرىدىغان جازا يەتكىلى بولغاچقا بۇ جىنايەتلەرنى كەسپكە ئايلاندۇرۇۋالغان ئەھۋاللار مەۋجۇتتۇر.

بىلىشىمىز كېرەككى، ئوغرىلىق جازاسى ئىسلام تارىخىدا 1400 يىل جەريانىدا پەقەتلا ئالتە يەتتە قېتىم ئىجرا قىلىنىغان. بۇنىڭدىن بىلىۋالالايمىزكى، بۇ جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىكى ئەڭ چوڭ مەقسەت كىشىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزىدىغان بۇ ئىللەتتىن كىشىلەرنى قورقۇتۇش ۋە توسۇپ قىلىشتۇر.

شۇنىڭدەك ئۆزى ئېغىر ئەمما ناھايىتى ئاز ئىجرا قىلىنىغان بۇ جازا كىشىلەرگە ۋەھىمە ئېلىپ كەلمەستىن بەلكى ئىسلامنىڭ ئادالىتىنى، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بەرپا قىلىشنىڭ ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ مەقسىتى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ.

ئوغرىنىڭ بىر قولىنى كېسىش قارىماقىقا جىنايەتچىنى ناكا قىلغانلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن جىنايەتچىلەرنى جىنايەتتىن توسىدۇ. نۇرغۇن جانلارنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن قوللار كېسىلىشتىن ساقلىنىپ، تىنچ-خاتىرجەم بولىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەردە بېكىتىلگىنىدەك، ئۇلارنىڭ: قول كېسىشنىڭ ئورنىغا تۈرمىگە سولاش ئارقىلىق جازا بەرسەك بولىدۇ، دېگەن داۋاسىغا

كەلسەك،ئوغرىلىقتا تۈرمە بىلەن جازا بەرگەن دۆلەتلەرنىڭ رىئاللىقىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بۇ جازا ئارقىلىق بۇ جىنايەتنىڭ ئالدىنىئالالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

ئوغرىلىق سەۋەبلىك تۈرمىگە تولا كىرىپ-چىقىۋاتقانلار ۋە ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقىدىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى: تۈرمە ئۇلارنىڭ جىنايىتىگە يېتەرلىك دەرس بېرەلمىدى. بەلكى بەزى ئەھۋاللاردا كىچىك جىنايەتچىلەر تۈرمىدە چوڭجىنايەتچىلەردىن ھەرخىل ماھارەتۋەجىنايەت تۈرلىرىنى ئۆگىنىپ، تېخىمۇ تەجرىبىلىك، ئۇستا ئوغرى، بۇلاڭچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. تۈرمە بۇ جىنايەتچىلەر ئۈچۈن تەربىيەلىنىدىغان ۋە ئوغرىلىق ماھارىتى ئۆگىنىدىغان، يېڭى ئوغرىلارنى يېتىشتۈرىدىغان ئورۇن بولۇپ قالدى. نەتىجىدە بۇلار سىرتقا چىققاندىن كېيىن يېڭى ئوغرىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، جەمئىيەتنى تېخىمۇ پاساتچىلىق باستى. بۇ بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلى رىئاللىقىدۇر.

بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۇلاردا جىنايەتتىن توختاشنىڭ ئورنىغا باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ تۈرمىگە كىرىشىگە سەۋەب بولغانلاردىن ئىنتىقام ئېلىش، ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ نوچىسى قىلىپ كۆرسىتىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. تۈرمە جازاسىنىڭ يەڭگىللىكىدىن ئۇلارنىڭ جىنايىتى مەخپىي قالىدۇ. جىنايىتى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلىدۇ. تۈرمىدىن چىققاندا خۇددى ھېچبىر خاتالىق ۋە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەندەك ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمما شەرىئەت بەلگىلىگەن جازانى ئىجرا قىلىش بولسا، ئۇمۇمىي خەلققە جىنايەتنىڭ خەتىرىنى ئاشكارىلاپ بۇ جىنايەتچى نەدە بولسا، كىم كۆرسە ئۇنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ پەس ئىكەنلىكىنى، بۇنداق جىنايەتچىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ-دە، بۇ جىنايەتنى سادىر قىلىشتىن قورقىدىغان بولىدۇ. بالا-مۇسىبەت تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇلىدۇ. بۇ جىنايەتنى ئىشلىگەن ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئويىدا بولۇۋاتقانلار بۇ نىيىتىدىن دەرھال يانىدۇ. بۇ بولسا شەرىئەتنىڭ ئوغرىلىق جازاسىنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسى مەقسىتىدۇر ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئوغرىلىق جىنايىتىگە بەلگىلىگەن جازانى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئوغرىلىقتا خاتىمە بېرىشتىكى ۋە ئوغرىلىق جىنايىتىنى تۈگىتىشتىكى غەلىبىسىنىڭ ئاساسىدۇ.

بۇ جازانىڭ ناھايىتى ئاز كىشىلەرگە ئىجرا قىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىنىڭ خاراپ بولۇشى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ سادىر قىلغان قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە جازاسىدۇر، دېمەك، بۇ جازانى ئىجرا قىلغانلىق جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ۋە خاتىرجەملىكىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقتۇر.

بىر تال خائىن قولنىڭ كېسىلىشى

نۇرغۇن جانلارنىڭ ۋە نۇرغۇنلىغان ھالال كەسپ قىلىدىغان قوللارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

كاشكى كىشىلەر بىگۇناھ يارىلانغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ تارتقان ناھەقچىلىكى بىلەن جىنايەتنىڭ جازاسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن قولى كېسىلگەنلەرنىڭ تارتقان زىيىنىنىڭ ماھىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ بىلسە ئىدى، شەرئىي جازالارنى ئىجرا قىلىش جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى؛ جاپا تارتىپ جان بېقىۋاتقانلارنىڭ كۈچىنىڭ بىھۇدە ئىسراپ قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى.

## ئۈچىنچى شۇبھە

### قىساس جازاسى ھەققىدىكى سەپسەتە:

قىساس ئېلىش ئېغىر جازا بولۇپ قاتىلنىڭ شەخسىيىتى، شارائىتى ۋە يۈز ئابرۇيىنى قوغدىمايدۇ. يەنە كېلىپ ئۆلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە قىساس ھەققىنى بەرگەنلىك، ئىنتىقامغا تەرغىب قىلغان ۋە ئىنتىقامنى ئاساسلىق ھەل چارە ئۇسۇلى قىلىپ كۆرسەتكەنلىكتۇر. بۇ بولسا بىر جاھىلىيەت ئۇقۇمى بولۇپ، مەدەنىيەتتىن، تەرەققىياتتىن يىراق قاتمال ھەل قىلىش چارىسىدۇر.

### بۇ سەپسەتىنى بىچىت قىلىش يولى:

قىساس ناھايىتى ئېغىر جازادۇر، بۇ تەرىپى توغرا. لېكىن ئۇ ئادالەتنىڭ نامايەندىسىدۇر. قاتىلنىڭ ئۆلگۈچىگە قىلغىنىنىڭ ئوخشىشىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكتۇر. ئىسلام بۇ جازانى ئۆلتۈرگۈچى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ ئوتتۇردىكى ئادالەتنى ساقلىغان ئاساستا ئىجرا قىلىدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن قىساستا زۇلۇم بولماستىن بەلكى قاتىلدىن قىساس ئالماسلىق ئۆلتۈرۈلگۈچىگە قىلىنغان زۇلۇمدۇر.

ئۇلارنىڭ شەرىئەت قاتىلنىڭ ئادىمىيلىكىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ، دېگەن سۆزىگە كەلسەك: يۇقىرىقى ئابزاسلاردا سۆزلەنگىنىدەك ئىسلام شەرىئىتى ھەر قانداق ئادەمگە ئۆزىگە لايىق شەكىلدە ئادىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتى شۇكى: ئىسلام شەرىئىتى قىساس جازاسىنى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئەقىللىق، ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ياشقا يەتكەن كىشىگە ئىجرا قىلىدۇ. ئەگەر جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشى خاتالىشىپ جىنايەت سادىر قىلغان بولسا (يەنى باشقا ئىش قىلىمەن دەپ تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالسا) قىساس ئېلىنمايدۇ. باشقا يول بىلەن جازالىنىدۇ. ئەگەر جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى كىچىك بالا ۋە ياكى ساراڭ بولسا، بۇنىڭ سادىر قىلغان جىنايىتى خاتالىق ھېساپلىنىپ بۇ ھالەتتە يەنە قىساس ئېلىنمايدۇ.

ئەمما ئىنسانىنىڭ ئادىمىيلىكىنى، گۇناھقا مايىللىقىنى، يامان تەربىيەسىنى باھانە قىلىپ ئىسلام

شەرىئىتىنىڭ بۇ جازا قانۇنلىرىنى كۆزدىن ساقىت قىلىش، ھاۋايى-ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرگەنلىك ۋە ئىسلامنىڭ قىساس قانۇنىنى تۇتۇرۇقسىز بىر جازا ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغانلىق بولۇپ، بۇنداق قىلىش جىنايەتچىلەرنىڭ جازادىن ئاسانلا قۇتۇلۇپ قېلىشىغا ۋە جەمئىيەتتە جىنايەتنىڭ يېيىلىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ.

ئەمما قىساسنى ئۆلگۈچىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ھەققى، جەمئىيەتنىڭ ھەققى ئەمەس دەپ قاراش، ئىنتىقامغا تەشەببۇس قىلغانلىق بولماستىن بەلكى شەرىئەتنىڭ قانۇن چىقىرىشتىكى ئالىيجاناپلىقىدۇر. چۈنكى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىچ ئاغرىقى، مۇسىبىتى،خاتىرجەمسىزلىكى، ئائىلىسىگە، يېقىنلىرىغا بىۋاستە تەسىر قىلسا، جەمئىيەتكە ۋاستىلىق ھالدا تەسىر قىلىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى تىنىدۇرۇش ئادالەتنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئەگەر قىساس ئېلىشنى خالىسا قىساس ئالىدۇ، خالىسا دىيەت (تۆلەم) ئالىدۇ، خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ھەم ئەپۇ قىلىشقا تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ھەققىنى تونۇپ،ئۇلارنىڭ غەزەپ نەپرىتىنى پەسەيتىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىلگەندە،ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئىنتىقام تۇيغۇسىمۇ تۆۋەنلەپ ئەپۇ قىلىش ئىمكانى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى جىنايەتچىنى ئەپۇ قىلغۇدەك قازى (سوتچى) جىنايەتچىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ ئومۇمنىڭ ھەق ھوقۇقىنى قوغدىغان ئاساستا تەربىيە جازاسى بېرىدۇ ۋە بۇ جىنايەتنى قايتا سادىر قىلماسلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرىدۇ.

## بەشىنچى شۇبھە

### ھاراق ئىچىشنىڭ جازاسى:

ھاراق ئىچكەنلىكنىڭ جازاسىدىكى قاتتىق قوللۇق، قوپاللىق تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيلەشكەن بۈگۈنكى كۈنىمىزگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئىتىبارغا ئالمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ جازا ئىنساننىڭ شەخسىي ئەركىنلىكىنى دەپسەندە قىلغانلىق ۋە شەخسىي ئىشلىرىغا ئارلاشقانلىقتۇر.

**بۇ سەپسەتىگە بىر نەچچە نۇقتىدىن رەددىيە بېرىمىز:**

1-ھاراق ئىچكەنلىكنىڭ جازاسى ئىسلام شەرىئىتىدە بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ جازادىكى ھېكمەت بىلىنسۇن-بىلىنمىسۇن ھېچكىمنىڭ ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشھوقۇقى يوق. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنْصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ۝ إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَعَنِ الصَّلَاةِ فَهَلْ أَنْتُمْ مُنْتَهُونَ﴾ «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)

غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىشلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟»[3]

2-ئىسلام شەرىئىتىدە ئىنسانغا يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە مۇتلەق ئەركىنلىك يوق، بەلكى ھەر تەرەپتىن ئىنسانغا زىيانلىق بولغان ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن توسىدۇ.

3-ئىسلام شەرىئىتى ئىنساننىڭ ئەقلىي ساغلاملىقىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئەقلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا، يوق بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ھەر قانداق ۋاستىنى چەكلەيدۇ. ھاراق بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنسان ئەقلىنى بۇزىدىغان ئەڭ خەتەرلىك ۋاستىلەرنىڭ بىرىدۇر.

4-ھاراق ئىنسانىڭلا ئەمەس، ھېچبىر جانلىقنىڭ ئىشلىتىشىگە لايىق بولمايدىغان نىجىس بىر نەرسىدۇر. چۈنكى ھاراق ئىچكۈچىنى ئۆزىنىڭ ماھىيىتى ۋە كىملىكىدىن ھەتتا ئىنسانلىقىدىنمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ھەتتا ئىنساننىڭ پسىخىكىسىنى بۇزۇپ،ئۇنىڭدا ئۆزىنى خور كۆرۈش، كەمسىتىش ۋە تۇراقسىزلىق پەيدا قىلىدۇ.

5-ھاراق ئىچىش ئىنسانغا ھېچبىر پايدىسى يوق، بەلكى ئىنسانلارنىڭ مىلىغا،جېنىغا زىيانلىقلىمىشتۇر. 1980-يىلى نەشر قىلىنغان بەزى گېزىتلاردا ئېلان قىلىنىشىچە،فرانسىيەنىڭ بىر يىلدا ھاراقتا تارتىدىغان زىيىنى يەتتە مىليون دوللارغا يەتكەن. ئامېرىكىنىڭ بىر يىلدا تارتىدىغان زىيىنى تەخمىنەن ئوتتۇز مىليون ئىكەن. چۈنكى ھاراق ئىنساننى ئۆزىگە ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ ۋە سۇۋۇتىدۇ.

6-ھاراق ئىنساننى ئۆزىنىلا ئويلايدىغان شەخسىيەتچى، بار-يوقىنى ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى ۋە ھايۋانلارچە لەززەتلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاتايدىغان، ھەتتا ئائىلىسى-باللىرى بىلەن كارى بولمايدىغان، مەسئۇلىيەتسىز قىلىپ قويىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەرنى بىلگەن كىشى ئەلۋەتتە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھاراقنى نېمە ئۈچۈن ھارام قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ جازاسىنىڭ ھەق جازا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ.

## ئالتىنچى سەپسەتە: زىنا قىلدى (ئىپپەتسىز) دەپ تۆھمەت قىلغاننىڭ جازاسى:

بەزىلەر دەيدۇكى: تۆھمەت قىلغان كىشىنىڭ جازاسى ئىسلام شەرىئىتىدە سەكسەن دەررە. بۇ ناھايىتى ئېغىر جازا بولۇپ كۈنىمىزگە ماس كەلمەيدۇ.

(3) سۈرە مائىدە 90-91 ئايەتلەر.

بۇنىڭغا تۆۋەندە بىر نەچچە نۇقتىدىن رەددىيە بېرىمىز:

1-تۆھمەتنىڭ جازاسى ئىسلام شەرىئىتىدە قۇرئان بىلەن سابىت بولغان بولۇپ، بۇ جازادىكى ھېكمەت بىلىنسۇن-بىلىنمىسۇن ھېچبىر كىشىنىڭ ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَأْتُوا بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاءَ فَاجْلِدُوهُمْ ثَمَانِينَ جَلْدَةً وَلَا تَقْبَلُوا لَهُمْ شَهَادَةً أَبَدًا وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ ۝ إِلَّا الَّذِينَ تَابُوا مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ وَأَصْلَحُوا فَإِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەربىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئىپپەتلىك ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەن ئادەملەردۇر). ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيداندا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر) كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئىپپەتلىك ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار، گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىڭلار)، چۈنكى ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى بەندە تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسە، ئۇنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدۇ)، تولىمۇ مېھرىباندۇر».[4]

2-تۆھمەتخورنى جازالاش تۆھمەت قىلىنغۇچىنىڭ ئىتىبارىنى قوغدايدۇ، شان-شەرىپىي ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

3-تۆھمەت جازاسىنى ئىجرا قىلىش كىشىلەرنىڭ يۈز ئابرۇيىنى قوغداپ، جەمئىيەتتە يۈزنى يورۇق قىلىدۇ.

4-تۆھمەت جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندا، نائەھلىلەر ئىپسىل، ئىپپەتلىك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاپ، جەمئىيەتتە كىشىلەر ئارىسىدا پىتنە-پاسات، ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. ئېغىر بولغاندا، تۆھمەتكە ئۇچرىغۇچى ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆھمەتخورنى ئۆلتۈرۈپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش مۇمكىنچىلىكىمۇ بار.

5-تۆھمەتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى ئېغىر ئازار يەيدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن تۆھمەتخورنىقلىغان قىلمىشىغا تەن جازاسى بېرىش ۋە پىسخىكا تەرەپتىن جازالاش تولىمۇ لايىق بىر ئىشتۇر.

6-تۆھمەتخور تۆھمەتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ يۈز ئابرويىنى تۆكۈپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام شەرىئىتىدە بۇنىڭ جازاسىمۇ، تۆھمەتخور سەممىمىي تەۋبە قىلغانغا قەدەر ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

7-ئىسلام دىنى زىناغا سەۋەپ

(4) سۈرە نۇر 4-5ئايەتلەر.

بولىدىغان بارلىق ئامىللارنى چەكلەيدۇ ۋە خىلمۇ-خىل يوللار بىلەن زىنانىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چۈنكى جەمئىيەتتە زىنا بىلەن تۆھمەت قىلىدىغانلار ۋە زىنا توغۇرلۇق گەپ-سۆزلەر كۆپ بولسا، زىناغا سەل قارايدىغان، ئادەتتىكى گۇناھ قاتاردا مۇئامىلە قىلىدىغانلار كۆپىيىدۇ. ئەكسىچە جەمئىيەتتە زىنا توغۇرلۇق گەپ-سۆزلەر ئاز بولسا، كىشىلەر ئۇنى ئۆچ كۆرىدۇ ۋە زىناغا چۈشۈپ قېلىشتىن نومۇس قىلىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭبىلەن جەمئىيەتنىڭ پاكلىقى ۋە ئامانلىقىغا رىئايە قىلغان بولىمىز.

## خاتىمە:

دىن دۈشمەنلىرى ۋە بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر كىشىلەرگە دىننى سەت كۆرسىتىشكە ۋە دىندىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا بۇ مۇبارەك ئىسلام دىنىنىڭ ئىگىسى ۋە ياردەمچىسى بولغاچقا، ئىلىم ئىگىلىرىگە قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ نۇرى ئارقىلىق بۇنداق سەپسەتىلەرنى تونۇش ۋە رەددىيە بېرىش ئارقىلىق دىننى قوغداشنى مەجبۇرىيەت قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئىلىم ئىگىسى بۇ ھەقتە يېزىش، تەرجىمە قىلىش ۋە تارقىتىش ئارقىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم.

رەببىم ئاللاھتىن بۇ ماقالىنى مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە خاتالىقلار بولسا ئەپۇ قىلىشىنى تىلەيمەن. ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئابدۇلئەھەد ھافىز





# ئىماننىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتتىكى تەسىرى

ئاپتور: پروفېسسور دوكتور مۇھەممەد ئابدۇللاھ شەرقاۋىي
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەختەمجان ھەسەن

بۇ ماقالىدا تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان.

بۇ ئەسىردە ئىمان ئىنسانلارنى تۈرلۈك كىرزىسلاردىن ۋە تۇرمۇش بېسىملىرىدىن قۇتۇلدۇرالامدۇ؟ قۇتۇلدۇرسا قانداق قۇتۇلدۇرىدۇ؟ قاچان ئەمەلىيلىشىدۇ؟

## بۇ ماقالە ئاساسەن ئىككى نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

بىرىنچى: دىنىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ئىمان ۋە سالىھ ئەمەلدىن تۈزۈلىدۇ. دېمەك، ئىمان دىنىنىڭ ھايات شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ كاپالىتى، ھەمدە سالىھ ئەمەلگە تۈرتكە ۋە ھەيدەكچى بولىدۇ. ئىمان ساغلام ھالەتتە پەرۋىش قىلىنسا شېيخ نۇرسىي بايان قىلغاندەك پورەكلەپ ئېچىلىدۇ، ئىمان ساھىبىلا ئەمەس بەلكى بارچە ئىنسانلار پەرقسىز ھالدا مەنپەئەتلىنەلەيدىغان مېۋە بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىم ھەققەتەن سالىھ ئەمەل بىلەن ئىماننى نەچچە ئونلىغان ئايەتلەردە بىر-بىرىگە زىچ باغلىغان، ئىمان پەقەت سالىھ ئەمەلگە باغلىنىشلىق ھالەتتىلا تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، ئىماننى قوزغىتىش ياكى ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈش سالىھ ئەمەلنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى، دۇنيادا بەخت-سائادەتلىك گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىش، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك نىجاتلىق-جەننەتنىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشىشنىڭ بىردىن-بىر توغرا يولىدۇر. لېكىن ئىمان قاچان، قانداق شەكىلدە مېۋە بېرىدۇ؟

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كۆپىنچە كىشىلەردىكى ئىمان ۋارىسلىق قىلىنغان شەكىل جەھەتتىكى تەقلىدىي ئىمان. شۇڭا ئۇ ئىشەنچ ۋە يىلتىزى چوڭقۇرلۇق بىلەن گەۋدىلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئىبرەت ئېلىش، چوڭقۇر ئويلىنىش، ئەستايىدىل پىكىر قىلىش، ئەتراپلىق نەزەردىن شەكىللەنمىيلا قالماستىن يەنە كائىناتتىكى كاتتا مۆجىزىلەر ۋە قۇرئاندا خاتىرىلەنگەن ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرغۇچى ئايەتلەر بىلەن ۋەز-نەسىھەت ئالمايدۇ، دېمەك بۇ ئىمان كەسكىن ئىشەنچ بىلەن ۋۇجۇتقا چىقمىغان.

ئىمانىمىزنى قوزغىتىشتا، قۇرئاندىكى ۋە كائىناتتىكى ۋەھيىنى قوبۇل قىلىشتا قەلب، ئەقىل، روھ

بىرلىكتە ھەركەتكە كېلىشى لازىمدۇر. دوكتور كولىن تېيرنر « رىسالە نۇر» دا دېگىنىدەك: مۇسۇلمانلارنى تەقلىدىي ئىماندىن ھەقىقىي ئىمانغا يېتەكلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇلاردىكى ئىمان تەپەككۇر ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك .[1]

ئىماننى قوزغىتىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن: ئىماننى يېڭىلاش. ئۇستاز سەئىد نۇرسىي بۇ مەسىلىنى ناھايىتى بەدىئىي ئۇسلۇبتا شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان ئۆز شەخسىيىتى ۋە ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان مۇھىت بىلەن يېڭىلىنىپ تۇرغاچقا ئىماننى دائىم يېڭىلاپ تۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ، چۈنكى يالغۇز شەخس ئەمەلىيەتتە بىر قانچە شەخستىن ئىبارەت بولۇپ، ياشىغان ئۆمرى، كۈنلىرى، سائەتلىرىنىڭ سانى بىلەن نۇرغۇنلىغان شەخستۇر. يەنى ئادەمنىڭ شەخسىيىتى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ھەر تۇرلۇك ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇگۈنكى ئىنسان تۈنۈگۈنكى ياكى ئەتىكى ئىنسان ئەمەس.

ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر بىر قىسمى بىر شەخسكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىنسان مۇشۇنداق يېڭىلىنىپ ئۆزگىرىپ تۇرغىنىدەك، ئۇ ياشاۋاتقان ئالەممۇ بىر ئىزدا توختاپ قالماستىن ھەمىشە ھەرىكەتتە بولىدۇ، بىرى كەتسە يەنە بىرى ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدۇ، دائىم تۆرلىنىپ تۇرىدۇ، يېڭى ئالەمنىڭ ئىشىكى ھەر كۈنى ئېچىلىپ تۇرىدۇ، ئىمان ھەر بىر ئادەمنىڭ شەخسىيىتىدىكى ھاياتلىق نۇرى بولۇپ، خۇددى ئالەمگە تارقىلىۋاتقان نۇرغا ئوخشايدۇ، پەقەت «لا اله الا الله» دېگەن سۆزلا شۇ نۇرنىڭ ئاچقۇچىدۇر. كۆڭۈل خاھىشلىرى، شەيتان، ھەر تۇرلۇك ۋەھىمە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە بىخۇتلۇقتىن شەيتاننىڭ قىلتىقىغا چۈشكەن ئىنسانغا ئىمان قىيىنلىشىدۇ، ھەتتا شۈبھە ۋە گۇمانلارنى قوزغاش ئارقىلىق ئىمان نۇرىنىڭ كىرىش ئېغىزلىرىنى ئېتىپ قويىدۇ، ئۇنىڭدىن سىرت ئىنسانىيەت ئالىمى شەرىئەتنىڭ روشەن پرىنسىپلىرىغا خىلاپ سۆز-ھەرىكەتلەردىن خالىي بولمايدۇ، ھەتتا ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا كۇپرىلىق دەپ قارالغان ئىشلارمۇ سادىر بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھەر ۋاقىت ئىماننى يېڭىلاشقا موھتاج بولىدۇ.[2]

«رىسالە نۇر» دا ئىماننى قوزغىتىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن: ئىماننى قوزغىتىش ئىنسان ئۈچۈن مۇكەممەل بىر ماھىيەت دەپ قارىغان. شۇڭا رىسالە ئىنسانغا خىتاب قىلغاندا ئۇنىڭ ئەقلى، قەلبى ۋە روھىنى پەرقلەندۈرمەستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى يۇغۇرۇپ ھەممىسىگە بىرلىكتە خىتاب قىلغان، ئەقىل، قەلب ۋە روھتىن يۇغۇرۇلغان بۇنداق ئىنساننى بۈيۈك بىر مەسئۇلىيەتنى ئورۇنداشتا ئۆزئارا ھەمكارلاشقۇچى، ئىتتىپاقلاشقۇچى قىلغان، ھەرگىزمۇ

(1) «ئىمان ئىنقىلابى»، «نۇر» ژورنىلى، 2010-يىللىق 1-سان.

(2) «بديع الزمان النورسي كليات رسائل النور المكتوبات»428/427.

بىر-بىرىدىن قاچىدىغان، بىر-بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان قىلمىغان، ھەتتا بۇلارنىڭ ئارىسىدا رىقابەتمۇ يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان، چۈنكى ئۇلار ماھىيەتتە بىر نەرسە.

رىسالىگە قارىغىنىمىزدا ئۇنىڭ ساپ پەلسەپىۋى ئەقىل ۋە ئىلمىي كالام بىلەن تەسەۋۋۇپ، ۋىجدانىي قەلب ۋە روھنى بىرلا ۋاقىتتا بىرلەشتۈرگەنلىكىنى بايقايسىز، چۈنكى ئىنسان ئەقلى ئەمەلىيەتتە قەلبى ۋە روھىدىن ئايرىلالمايدۇ. رىسالە ئەنە شۇ پىرىنسىپ بىلەن ئىلمىي كالام، پەلسەپە ۋە تەسەۋۋۇپتىن ياخشى پايدىلانغان ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ يۇغۇرۇۋەتكەن. ئۇ ئىنساننى پەيلاسوپ، كالامشۇناس، تەسەۋۋۇپچى قىلىدىغان ئۇقۇملارنى ئايرىمىغان. ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئىمانىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشى، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىشى، ئۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەمىنى تېتىشى ئۈچۈن كالامشۇناس، پەيلاسوپ ۋە تەسەۋۋۇپچى بولۇشى لازىم. شۇنداقلا ئىلاھىي ئىسىملارغا چوڭقۇر نەزەر سېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدى، بىپايان ئۇپۇق ۋە پۈتۈن مەۋجۇدىيەتتىكى نامايەندىلىرىنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىشى لازىم. بىز دەل بۇ يەردە رىسالە ساھىبىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۆلىمالار ئارىسىدا ئىختىلاپقا سەۋەپ بولغان ئىلاھىي سۈپەت توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشلىق مەسىلىلەردىن يىراق بولغانلىقىنى بايقايمىز.[3]

بىز شەيخنىڭ ئىلاھىي ئىسىملارنىڭ زەررىدىن قۇياش سىستېمىسىغىچە بولغان پۈتۈن مەۋجۇداتتىكى نامايەندىلىرىگە ۋە تەجەللىيسىگە نەزەر سېلىپ كىشىلەرنى بۇ ئىشلارغا يېتەكلەشتە نەتىجىلىك، ئەجايىپ قەدەم ئالغانلىقىنى بايقايمىز. رىسالە كائىنات ھەققىدە ۋە ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ كائىناتتىكى تەجەللىيسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە بىز ئۇنى قۇرئان كەرىمنىڭ توغرا پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان دېيىشىمىز مۇمكىن. مانا بۇ رىسالىنىڭ ئاساسىي ئۇسلۇبى، رىسالە باشتىن-ئاخىرىغىچە مۇشۇ ئۇسلۇبتا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاھىدە بىر مىسال كەلتۈرۈش قىيىن. رىسالە قۇرئاندا خاتىرىلەنگەن ۋەھيي ۋە كائىناتتا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان مۆجىزىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ قەلب ۋە روھتا ئىمان نۇرىنى جۇلالاندۇرىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسلۇب.

بىز بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە ئۇستازنىڭ (قل هو الله احد) «ئېيتقىنكى ئاللاھ بىردۇر» دېگەن ئايەت ھەققىدە كۆڭلىگە كەلگەن ئىشارەتلەرنى ۋە قەلبىگە كەچكەن نۇرلارنى ئىپادىلىگەن پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئۇستاز يېگانە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ پۈتۈن كائىناتنىڭ ھەرقايسى تۈر ۋە بۆلەكلىرىدە ئۇنىڭ بىرلىكىنىڭ مۆھۈرى ۋە كەسكىن دەلىلى سۈپىتىدە ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

(3) «الايمان اصوله وفروعه» نشرة دار الجيل بيروت .

بىرىنچى مۆھۈر: يېگانىلىقنىڭ ئەڭ كاتتا تەجەللىيسى كائىناتقا روشەن پەرقلەندۈرگۈچى شەكىلدە بېسىلغان، پۈتۈن كائىنات پارچىلاشنى قوبۇل قىلمايدىغان بىرلىك سۈپىتىدە تەۋھىدنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى پۈتۈن كائىناتنى تەسەررۇپ قىلالمىغان زاتنىڭ كائىناتنىڭ ھەر قانداق بىر قىسمىغا ھەقىقى رەۋىشتە ئىگىدارلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىمىزكى: كائىناتتىكى مەلۇم بىر نەرسىنىڭ تىزگىنىنى قولىدا چىڭ تۇتالىغان كىشى ناۋادا ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى قولىدا تۇتالمىسا ئۆزى قولىدا تۇتقان نەرسىگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئۇنداقتا كائىنات يۈزىدە روشەن ھالدا كۆرۈلگەن بىر گەۋدىلىشىش، ئۆز-ئارا ھەمكارلىق، ئۆيۈشۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا ئاللاھنىڭ يېگانىلىقىنى نامايان قىلىدىغان، ئۇنى جاكارلايدىغان چوڭ بەلگە ۋە مۆھۈردۇر.

ئىككىنچى مۆھۈر: يېگانە ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كاتتا تەجەللىيسى بىرنى زېمىن يۈزىدىكى بولۇپمۇ باھار پەسلىدە كۆرۈلىدىغان ئاللاھنىڭ بىرلىكىنىڭ روشەن دەلىلى، يېگانىلىقنىڭ چاقناپ تۇرغان مۆھۈرىگە شاھىد قىلىدۇ. چۈنكى زېمىندىكى ھاياتلىقنىڭ ھەممىسىنى بارلىق تۈرلىرى ۋە ھالەتلىرى بىلەن ئىداره قىلالمىغان، ھەممىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلمىگەن، ھەممىنى يارىتالمىغان بىرىنىڭ ئۇنىڭدىن بىرەرسىنى پەيدا قىلىشقا قادىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن زېمىن يۈزىدە ۋە ئۇنىڭ ئىچكى تەرەپلىرىدە دائىم كۆرۈلۈۋاتقان ئىداره قىلىش، ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئەمەلىيەتتە يېگانىلىقنىڭ ئۆتكۈر مۆجىزىسى، بىرلىكنىڭ روشەن مۆھۈرىدۇر. بارلىق مەۋجۇتلۇقنى يوقلۇقتىن بار قىلالمىغان، كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىشىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىداره قىلالمىغان بىرى رەب ۋە بارلىققا كەلتۈرگۈچى بولۇش سۈپىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنسا پۈتكۈل ئالەمگە ئومۇملاشقان تەڭپۇڭ ئىداره قىلىش ئۇسلۇبىنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئىنساننىڭ پەقەت ئىلاھىي رۇخسەت بىلەن بەزى ئىشلارنى ئورۇندىيالىشى رەببانىي قانۇنىيەتلەرنى بايقىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پىلانىنىڭ گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئۈچىنچى مۆھۈر: تەۋھىدنىڭ بەلگە ۋە ئىزنالىرى ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ يۈزى ھەققىدە ئويلانغان كىشىگە نىسبەتەن ناھايىتى روشەندۇر. ھەر بىر ئىنساننىڭ يۈزىدە ئۇنى باشقا نەرسىلەردىن پەرقلىق قىلىدىغان ئالامەتلەر مەۋجۇت. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا قىيامەتكىچە بولغان بارلىق ئىنسانلارنى بىلمىگەن ياكى كۆرمىگەن بىرىنىڭ ھەر بىر يۈزدە ئۇنى باشقا نەرسىلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتنى بېكىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس،شۇنداقلا يوقلۇقتىن بار قىلىش، يارىتىش نۇقتىسىدىن ھەر بىر ئىنساننىڭ كىچىككىنە يۈزىدىكى غايەت ئىنچىكە

پەرقلەرنى بارلىقتا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈتۈش قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇنداق، ئىنسان يۈزىگە روشەن بەلگە، ئۇنى باشقا نەرسىلەردىن پەرقلەندۈرگۈچى ئالامەتلەرنى بەلگىلىگەن زات ئىنسان يۈزىدە تەۋھىد تامغىسىنىڭ جۇلالىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن بارلىق ئىنسانلارنى كۆرۈش ۋە بىلىش دائىرىسىگە ئالالىشى كېرەك. قارىماققا كۆز، بۇرۇن ۋە باشقا ئەزالار ئارىسىدا ئوخشاشلىق باردەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر-بىرىنى ئايرىغۇچى بەلگىلەر بىلەن تولۇق ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. دېمەك، ئىنسان يۈزىدىكى كۆز، بۇرۇن دېگەندەك ئەزالارنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشى يېگانە ياراتقۇچىنىڭ كەسكىن دەلىلى. ھەر بىر ئىنسان يۈزىدىكى پەرقلىق ئالامەتلەر جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش، بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەسلىك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇمۇ ھەم يېگانە ياراتقۇچىنىڭ ئىختىيارلىقىنىڭ مۇتلەق، ئىرادىسىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلى ۋە بىرلىكىنىڭ ئېنىق، ئاشكارا بەدىئىي مۆجىزىسىدۇر.

بارلىق ئىنسانلار، ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەرنى بەلكى پۈتۈن كائىناتنى يارىتىشقا قادىر بولالمىغان بىرىنىڭ ھەر بىر ئىنسان يۈزىدىكى پەرقلىق بەلگىلەرنى بارلىقتا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. (قل هو الله احد) «ئېيتقىنكى ئاللاھ بىردۇر» دېگەن ئايەتتە ئاللاھنىڭ شەيئىلەرنى بارلىقتا كەلتۈرۈشى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلغاندا ئۇستازنىڭ قەلبىگە تۆۋەندىكىدەك ئىشلار ئايدىڭلاشقان:

كائىناتتىكى ئوخشىمىغان تۈرلەر ۋە بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئېلېمېنتلار ئومۇمىيۈزلۈك بىرىكىپ، بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن كائىناتقا ئىگە بولالمىغان بىرىنىڭ ئۇنىڭدىكى مۇئەييەن تۈر، مۇئەييەن ئېلېمېنتنا ھەقىقىي رەۋىشتە تەسەررۇپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى تەۋھىد نۇرى يېگانە ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئىسىملىرىنىڭ تەجەللىيسى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن كائىناتنى يورىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى بىرلىككە كەلگەن ھالەتتە قوشىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر جۈزئىيسى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن بىز كائىناتنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرىنىڭ ئۆز-ئارا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى، بىر-بىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ يىغىندىسىنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈش نۇقتىسىدىن ئايرىلىشنى قوبۇل قىلمايدىغان بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلغانلىقىنى بايقايمىز.

دېمەك، ھۆكۈمى پۈتۈن كائىناتتا ئىجرا بولمايدىغان بىرىنىڭ ياراتقۇچىلىق ۋە پەرۋەردىگارلىق نۇقتىسىدىن ئۆز پەرۋەردىگارلىقىغا كائىناتتىكى زەررىچىلىك ۋە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك بىرەر نەرسىنى بويسۇندۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

2 . يېگانە ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئىسىملىرىنىڭ تەجەللىيسى بىلەن

پۈتۈن كائىنات ئۆزئارا زىچ بىرىككەن رەببانىي مەكتۇپقا، ئىلاھىي سالام خەتكە ئوخشاش بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر قۇر خەت ئاللاھنىڭ يېگانىلىقىنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەن توشقان، تەۋھىدىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. ھەر بىر قۇر خەت ھەرپلىرىنىڭ سانى بويىچە يېگانىلىقىنىڭ بەلگىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بەلكى ئۇنىڭدىكى ھەربىر كەلىمە سۆز يازغۇچىنىڭ يېگانىلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرغان بولىدۇ. شۇنداقلا مەكتۇپتىكى تامغا، ئىمزا مەكتۇپ يازغۇچىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، ھەر بىر گۈل-چېچەك، مېۋىلەر، ئوت-چۆپلەر، ھايۋانلار ۋە دەل-دەرەخلەر پەقەتلا يېگانىلىقىنىڭ تامغىسىنى، تەڭداشسىزلىقىنىڭ مۆھۈرىنى تەمسىل قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ خۇددى مەكتۇپ يازغۇچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان تامغىغا ئوخشايدۇ، يەنى بارلىق شەيئىلەر ئۆزلىرىنى ياراتقۇچىغا تەۋە قىلىدۇ ۋە ياراتقۇچىنىڭ يېگانىلىقىنىڭ كاتتا مۆجىزىلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

3. ئىشلار ھەقىقەتەن بىرلىك بىلەن ئاسانلىشىدۇ، كۆپلۈك بىلەن قىيىنلىشىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا يارىلىش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈشنى يېگانە ئاللاھقا تەۋە قىلغاندا، نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى بىرىنىڭ يارىتىشى خۇددى بىر نەرسىنى ياراتقاندەكلا ئاسان بولىدۇ. ئەكسىچە، يارىلىش كۆپلىگەن سەۋەبلەرگە نىسبەت بېرىلگەندە بىر تۈرنى يارىتىشمۇ خۇددى كۆپ، نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى يارىتىشقا ئوخشاشلا قىيىن، تەس بولۇپ كېتىدۇ.

شۇنداق، بىرلىك-يېگانىلىق ھەر بىر نەرسىنى بىردىنبىر ئىلاھىي زاتقا تەۋە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىدۇ ۋە مۇشۇ تەۋەلىك، نىسبەت بېرىش چەكسىز بىر كۈچكە ئايلىنىدۇ، ھەتتا ئۇ زور ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىشى مۇمكىن ۋە شۇ تەۋەلىك، نىسبەتكە تايانغان ھالدا ئۆزىنىڭ كۈچىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە ئارتۇق نەتىجىلەرنى شەكىللەندۈرەلىشى مۇمكىن. ئەمما ئاشۇ كاتتا كۈچ-قۇۋۋەت ساھىبى ۋە بارچە شەيئىلەرنىڭ يېگانە ئىگىسىگە ئىشلىرىنى نىسبەت بەرمىگەن، تەۋە قىلمىغان كىشى ئۆزىنىڭ چەكلىك ئىمكانىيىتى ئىچىدىكى ئىشلارنىلا قىلالايدۇ ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە زىيان تارتىدۇ.

4. مانا مۇشۇلارغا ئوخشاش بارلىق نەرسىلەر پۈتۈن كائىناتنىڭ ئاچقۇچىغا ئىگە بولغان كاتتا كۈچ-قۇۋۋەتكە تايىنىدۇ ۋە مەۋجۇدىيەتتىكى ھەر بىر شەيئى ئاشۇ يېگانە، مۇتلەق، كاتتا ۋە تەڭداشسىز كۈچتىن ئۆز كۈچىنى ئالىدۇ. ئەگەر يېگانىلىك بولمىسا غايەت زور كۈچلۈك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ ۋە يوقلۇققا قاراپ مېڭىپ نەتىجىسى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. سىز كۆرۈۋاتقان ئاددىي، كىچىك شەيئىلەردىكى زور نەتىجىلەر بىرنى يېگانە، يالغۇز زاتقا يېتەكلەيدۇ. ناۋادا ئۇ بولمىسا، ھەر بىر شەيئىنىڭ نەتىجىسى، مېۋىسى ئۆزىنىڭ كىچىك، چەكلىك دائىرىسىدىلا بولاتتى، شۇ چاغدا نەتىجىلەر كىچىكلەپ كېتەتتى،

بەلكى يوقىلىپ كەتكەنمۇ بولاتتى [4].

ئىماننى ھەرىكەتچان ھاياتى كۈچكە ئايلاندۇرىدىغان ئامىل بولسا ھەر ۋاقىت ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرۇشتۇر. «رىسالە نۇر» دا مۇشۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. چۈنكى، ئاللاھنى ئەسلەشنىڭ شۇ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا تەسىرى كۈچلۈكتۇر، زىكىرنى قانداق ئېيتىش، ئۇنىڭ كەلىمىلىرى ھەققىدە قانداق مۇلاھىزە قىلىشنى بىلىش ئۈچۈن شەيخ نۇرسىينىڭ ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: بىز زىكىرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش، ئۇنىڭ قەلبنى ئويغىتىش ۋە ئىماننى جانلاندۇرۇشتىكى ھېكمىتىنى بىلىش ئۈچۈن «يا باقي أنت الباقي» دېگەن ئىسىم ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىگە قاراپ باقايلى:

ئىككىنچى نۇقتا: جانلىق ئىماننىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتىكى تەسىرى:

ئىنساننىڭ ئىمانىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ئامموۋى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ۋە ئىجابىي تەسىرلەرگە ئىگە. بۇ خۇددى ۋىجدان ياكى ئۆزىنى ئەيىبلىگۈچى ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئالغۇچى نەپسىنىڭ ئويغىنىشىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاقلار جۇلالىنىدۇ، كۆڭۈل ئازادىلىكى، خۇشاللىق، ئۈمىدۋارلىق، خاتىرجەملىكنىڭ بارلىق مەنالىرى ئەكس ئېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئەقلىي ۋە روھىي تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەقلى ۋە پىكرى سۈزۈلىدۇ، نۇرلىنىدۇ، ھىممەت-ئىرادىسى ياخشىلىنىدۇ، رەھىم-شەپقەت ۋە ئىسلاھاتقا قارىتا تېتىكلىشىدۇ ۋە ئىمان ھەقىقەتلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىلىم، تەتقىقات ئىشلىرىدا چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشنى، نەتىجىلىك مەنپەئەتلىك ئەمەللەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قىلىشنى پەرز قىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان نامراتلىق، موھتاجلىق، كەينىدە قېلىش، چۈشكۈنلۈك دېگەندەك سەلبىي سۈپەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئىماننىڭ قىممىتىدىن ھۆرلۈك، كېڭەش بىلەن ئىش قىلىش، دېموكراتىيە، ئادىللىق، باراۋەرلىك، كەڭ قورساقلىق دېگەندەك ئىجابىي نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەبىتلەرنىڭ زۇلمىنى توسۇش، تېررورلۇق ۋە بەختسىزلىكنىڭ ئىلاجى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئويغۇن ھالدا گۈزەل، ياخشى ھاياتتىن بەھرىلىنىدۇ ۋە ئىنساندەك ياشايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەر-ئايال مۆئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز»[5].

«شۇبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى رەببى ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇ-

(4) الشيخ سعيد النورسي «كليات رسائل النور».

(5) سۈرە نەھل 97-ئايەت.

نېمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ»[6].

مانا بۇ تارىختىن بۇيانقى ئىلاھىي قانۇنىيەت بولۇپ، (رىسالە نۇر ئىمانىنى قوزغىتىش ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئەسەر) بۇ ئارقىلىق زامانىمىزدىكى ئىنسانلار ئىمانى ئارقىلىق ئەڭ ئەۋزەل كەلگۈسىنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدۇ. مۆئمىن قولغا كەلتۈرىدىغان نەتىجە، ئەجايىپ تەسىرلەرنى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ئىلىم-مەرىپەت مېۋىسى: ئىنسان دىندارلىق ئېھتىياجى ۋە ئىچكى دۇنياسىدىكى تەبئىي ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دىنىي ئەقىدىگە موھتاج بولغاندا، ئۇ مەۋجۇدىيەت، ھاياتلىق، ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى، يارىلىشتىكى غايە، ھېكمەت ئەتراپىدا ئەقلىگە تاشلانغان سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئىزدىنىشكە، ئىلىم-مەرىپەت ھاسىل قىلىشقا نىسبەتەن كۈچلۈك بىر قىزغىنلىق ۋە شۇ سوئاللارنىڭ توغرا جاۋابىنى بىلىشتىن، ئىدراك قىلىشتىن ئاجىز كېلىش ئارقىلىق مەۋجۇدىيەتنى ياراتقۇچى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغۇچى زاتنىڭ ئالەمنىڭ ئىشلىرىنى تولۇق، ئەڭ ئىنچىكە ۋە تەپسىلاتلىرىغا قەدەر ياخشى بىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : «غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ. قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق. مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر»[7].

شۇڭا ئىنسان ئىلىم-مەرىپەت تەلەپ قىلىپ ئاللاھقا يۈزلەنگەندىن باشقا، رەببىنى تونۇش ئۈچۈن باشقا بىر ۋاستە تاپالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنسانلار پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئازغىنە نەرسىنىلا بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىر بىلىمدار ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار زات بار»[8]. مۆئمىننىڭ كۆڭلىدە بىلىم،مەرىپەتلىرىنىڭ يىلتىزى تەلىم ۋە ئىلھامنىڭ مەنبەسى بولغان ئاللاھقا قايتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بولغان مەسىلە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : «ئاللاھ ئادەمگە بارلىق ئىسىملارنى ئۆگەتتى»[9].

ئىلىم-مەرىپەت بابىدا ھەقىقەتنى بىلىش ۋە ئىزدىنىشكە ھاجەتمەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ساھە ئىنسانلار قەدىمدىن ھازىرغىچە سوراۋاتقان نەدىن كەلدىم؟ نەگە بارىمەن؟ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدىم؟ ئاخىرىدا نېمە بولىدۇ؟ ئۆلگەندىن كېيىنكى ئىشلار قانداق بولىدۇ؟ دېگەندەك چوڭ سوئاللارغا

(6) سۈرە يۇنۇس 9-ئايەت.

(7) سۈرە ئەنئام 59-ئايەت.
(8) سۈرە يۇسۇف 76-ئايەت.
(9) سۈرە بەقەرە 31-ئايەت.

روشەن جاۋاب تېپىش مەسىلىسىدۇر.

دىندىن چەتنەپ يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن پەلسەپە، تەجرىبە ئىلىملىرى ۋە ھەر تۈرلۈك ئىدىيەۋى ئېقىملاردىن جاۋاب ئىزدەپ، توغرا جاۋاب تاپالماستىن خاتا جاۋابلار بىلەن تېخىمۇ تېڭىرقاپ يۈرگەن ئاشۇ سوئاللارغا دىنىي ئەقىدىنىڭ جاۋاب بەرگەندە ئىشەنچ شەكىللەندۈرۈشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەقىدە مۇئمىنگە تۇراقلىق، تەڭپۇڭلاشقان تەسەۋۋۇر تەقدىم قىلىپ ئۇنى تېڭىرقاش ۋە شەكلىنىش چۆللىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ئاللاھنى ئىنكار قىلغان، ئۇنىڭغا ئۆچرىشىشتىن شەكلەنگەن ئادەم مەنىسىز، نىشانسىز ياشايدۇ، ھەتتا نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. مۇئمىن ئادەم ۋەھيي ئارقىلىق كەلگەن، ئەقلى كۈچلەندۈرگەن ئىمانى بىلەن شەك-شۈبھە ۋە تېڭىرقاش جىلغىلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئاللاھنى ئىنكار قىلغۇچى ياكى شەكلەنگۈچىنى قىيناۋاتقان روھىي ۋە زېھنىي تېڭىرقاشتىن، بىئاراملىقتىن راھەتلىنىپ قالىدۇ؛ ئەقىل، ۋىجدان ۋە تەبىئىي تۈيغۇلىرىغا يېقىن روشەن ئىمانى بىلەن بۈيۈك مەۋجۇدىيەتنىڭ سىررىنى يېشىدۇ؛ ئىمانىي يولدىن ئۆزىنىڭ باشلىنىش، ئاخىرلىشىش، ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار ۋە يارىلىشىدىكى غايە-نىشانىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن كائىناتنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسىنى بىلىدۇ؛ كۆڭلىدىكى شەك-شۈبھىلەر يېشىلىپ، ھاياتىدىكى چوڭ-چوڭ سوئال بەلگىلىرى يوقايدۇ. يەنى ئۇنىڭ جاۋابىنى تاپىدۇ. ئىنسان توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن پەلسەپەۋى، ئىلمىي جاۋابلار بەزى ۋاقىتلاردا توغرا بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا تەتقىقاتقا موھتاج، ئۇ تەكىتلەنمىگەن ئېھتىماللىق ياكى ئەقلىي نەزەرىيە سۈپىتىدە قالماقتا. ۋەھيي ئېلىپ كەلگەن، شەك-شۈبھە بولمىغان ئىشەنچلىك ئىلىم بىلەن ئەقىل ئىدراك قىلغان مەلۇماتلار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. ساغلام تەبىئەت-ئىلىمنىڭ ئىلمىي پەرەز ياكى ئېھتىماللىق ئىچىدە بولىدىغانلىقىغا گۇۋاھ بولماقتا.

2. ۋىجدانىي-روھىي مېۋىسى: بەخت-سائادەت كۆز بىلەن كۆرگىلى ياكى تارازىدا ئۆلچىگىلى بولمايدىغان، خەزىنىدە ساقلىۋالغىلى ياكى مال بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدىغان مەنىۋى ئىچكى تۈيغۇدىن ئىبارەتتۇر. بەخت-سائادەت پەقەت ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇ كۆڭۈلنىڭ سۈزۈك، قەلبنىڭ خاتىرجەم، ۋىجدانى راھەتلەنگەن بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ مەنالارغا ئىنسان ئىگە بولالمايدۇ، ئىگە بولغان بولسا ئىدى ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرەتتى؛ بىرەر ھاكىمىيەتمۇ ئىگە بولالمايدۇ، ئىگە بولغان بولسا باشقىلارنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قويغان بولاتتى. ئىمانى بىلەن بەختلىك بولغان مۇئمىنلەردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «بىز بەخت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، ئەگەر بۇنى پادىشاھلار بىلگەن بولسا

ئىدى، ئۇنى بىزدىن قىلىچ بىلەن تارتىۋېلىشقا تىرىشقان بولاتتى». يەنە بىر روھىي بەختنىڭ لەززىتىگە چۆمۈلۈپ مەست بولۇپ كەتكەن ئادەم مۇنداق دەيدۇ: «بەزىدە مەن شۇنداق بەختىيارلىققا چۆمۈلىمەنكى، جەننەتتىكىلەرمۇ مەندەك بولسا ئۇلارنى ھەقىقىي بەختلىككەن دەپ قالىمەن. بۇ نېمەتكە ئېرىشكەن كىشىلەر زامانىنىڭ ھادىسىلىرى، ھەر تۈرلۈك كېلىشمەسلىكلىرىنى يەنە بىر كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئەگەر ئامىتى كەلسە ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەيدۇ، ئاپىتى كەلسە قىيىنچىلىققا دانالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ قىيىنچىلىقلار مۆئمىنگە نىسبەتەن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىۋېلىشنى پەرز قىلىدىغان قىممەتلىك سوۋغاتقا ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ نەزەرىدە ئۇ غەم-قايغۇ، ۋايساش، ئاغرىنىشنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇسىبەتلەرگە ئايلىنىدۇ.

ئىنسانىنىڭ كۆڭۈل خاتىرجەملىكى، قەلب ئازادىلىكى، ۋىجدان راھىتىگە بولغان ئېھتىياجى بىز بۇگۈنىمىز ۋە كەلگۈسىمىزدە ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، ھەممەيلەن بىرلىكتە چارىسىنى ئىزدەۋاتقان ھەرقانداق شەكىلدىكى روھىي ۋە نەپسىي ئېھتىياجلاردىن كۈچلۈك بولىدۇ. كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەم، قەلبنىڭ ئازادە بولۇشى شەك-شۈبھىلەر بۇزۇپ دۇغلاشتۇرالمايدىغان كۈچلۈك ئىماننىڭ مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ (پەرىشتىلەردىن، جىنلاردىن، ھايۋانلاردىن ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن بولغان) قوشۇنلىرى ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ (خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[10].

ئىماننىڭ تەمكىنلىكى مۇئمىن قىيىن ۋاقىتلاردا ئەڭ موھتاج بولىدىغان نەرسە، ھەقىقىي دىنىي ئەقىدە ساھىبىغا قىيىنچىلىق ۋە مۈشكۈلاتلارغا يۈزلىنىشتە، قاتتىقچىلىقلار ئالدىدا مەزمۇت تۇرۇشتا كۈچ ھاسىل قىلىدىغان روھىي ۋە مەنىۋىي ئوزۇقلارنى سوۋغا قىلىدۇ. ئۇ ساھىبىغا ھۆرلۈك، شان-شەرەپ، ئىززەت-ھۆرمەت، ئۆز ئىشىغا ئىگە بولۇش سالاھىيىتى بېغىشلايدۇ. ئۆمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز خار ئىدۇق ئاللاھ بىزنى ئىسلام بىلەن ئەزىز قىلدى». ئەقىدە شۇلاردىن سىرت مۆئمىنگە ھاياتلىقتىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا روھىي تەڭپۇڭلۇق شەكىللەندۈرۈپ بېرىدۇ، مۇئمىن قورقۇنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق ئارىسىدا ئىنتىلىپ ۋە ئەيمىنىپ تۇرىدۇ؛ سەۋر ۋە شۈكۈر ئارىسىدا رازىمەنلىك بىلەن ھەمدۇسانا ئېيتىپ ياشايدۇ، ئۇ كىشىلەردىن بىھاجەت بولۇش ۋە ئاللاھقا موھتاج بولۇش ئارىسىدا قانائەتمەن كۆڭلى توق ياشايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسالام بۇ

(10) سۈرە فەتھ 4-ئايەت.

نۇقتىلارنى روشەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇئمىنىنىڭ ئىشى ناھايىتى ھەيران قالارلىق، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ياخشىلىق بار. خۇشاللىق يەتسە شۈكۈر قىلىدۇ، ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. خاپىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ، ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. بۇ خىل بەخت پەقەت مۇئمىنگىلا نېسىپ بولىدۇ»[11].

مۇئمىنلەرنىڭ ئەكسىچە ھاياتتا نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرىمىز، ئۇلار بىئاراملىق، ئىچى سىقىلىش، ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى ئىچىدە ياشايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىمان ۋە ئىشەنچ نېمىتىدىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ئەيش-ئىشرەتلىك راھەت تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا لەززەت، ھۇزۇر بولمايدۇ. ئۇلار ھاياتلىقنىڭ مەنىسىنى، نىشانىنى بىلمەيدۇ، سىرىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار شۇنداق تۇرۇپ راھەتكە، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە، خاتىرجەملىككە، ئىشەنچكە قانداقمۇ ئېرىشەلىسۇن؟! مۇئمىن بولمىغان كىشىلەر ھەقىقىي بەختسىز كىشىلەردۇر. ئۇلار دائىم قولدىن كېتىپ قالغان نەرسىلەرگە نىسبەتەن، ئىسسىت! ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى بىھۇدە ئۆتۈپتۇ-دېگەندەك قايغۇ-ھەسرەتلىك سۆزلەر بىلەن ھاياتنى ئۆتكۈزىدۇ. ھالبۇكى ئۇ قولدىن بېرىپ قويغىنى ھاياتنىڭ ئاساسى قىسمى-روھىي ھاياتلىق ئىدى. قەلبى ئىمان ۋە ئىشەنچ نۇرىدىن مەھرۇم بولغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ھە! چۈنكى بۇ بىچارە ئۆزىدىن، مەۋجۇتلۇقىدىن زىيان تارتتى. مەۋجۇتلۇقىنى زىيان تارتقىنىدەكلا ھاياتلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق نەرسىلەردىن زىيان تارتتى. چۈنكى ئۇ ئىماندىن مەھرۇم قالغان ئىدى. قەدىمىي ھېكمەتلەردە ئېيتىلغان سۆز نېمىدېگەن گۈزەل ھە!-ئاللاھ تائالا بەندىسىگە مۇنداق دەيدۇ: «بەندەم مېنى ئىزدىسە مېنى تاپىدۇ، مېنى تاپسا ھەممە نەرسىنى تاپقان بولىدۇ، ئەگەر مېنى يوقاتسا ھەممە نەرسىنى يوقاتقان بولىدۇ». «ئى ئىلاھىم! سېنى يوقاتقان كىشى نېمىگە ئېرىشىدۇ، سېنى تاپقان ئادەم نېمىدىن مەھرۇم قالىدۇ» دېگەن ئادەمگە رەھىم قىلسۇن. سەندىن باشقىنى رازى قىلماقچى بولغان ئادەم زىيان تارتتى، سەندىن باشقا كۈچ ئىزدىگەن ئادەم ھەممىدىن مەھرۇم قالدى. ئىمان ۋە ھەقىقىي ئېتىقاد ئىنسانىيەت نەپسى يولۇقىدىغان بىئاراملىق، سىقىلىش، بەختسىزلىك، روھىيىتى تۇراقسىز بولۇش، چارچاش، ھاياتلىقنى غەم-قايغۇ ئۈمىدسىزلىككە ئىلىپ بارىدىغان روھىي ھالەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى. گېپىمىزنىڭ توغرىلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى، بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدە تىبابەت پىسخولوگىيىلىك مەسلىھەتچىلەر ۋە داۋالاش ئورۇنلىرىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولماقتا. بۇ تۈردىكى كېسەللەرنىڭ كۆپىيىشى ئىماندىن يىراقلاشقانلىقنىڭ، دىندىن قاچقانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.[12]

ئەخلاقى مىۋىسى: ئەقىدە بىلەن ئەخلاقنىڭ ئارىسىدىكى كۈچلۈك

(11) سۈرە فەتھ 4-ئايەت.

(12) (شيخ يوسف القرضاوي الايمان والحياة موضع متفرقة)

مۇناسىۋەتنى تەكىتلەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلغۇچىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: «بىز ناماز ئوقۇمىدۇق، مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق، بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق، قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلاتتۇق».[13]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن ھەدىسلىرىدە ئەخلاقى چىرىكلەشكەن، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئىمانى كامىل ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەن ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ».[14]

«رەسۇلۇللاھ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ، -دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان ئىدى، ساھابىلەر: كىم ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟ -دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: قوشنىسىغا ئازار بېرىدىغان كىشى، -دەپ جاۋاپ بەردى».[15]

«ئامانەتنى ئادا قىلمىغان كىشىدە دىن بولمايدۇ، ۋەدىدە تۇرمىغان كىشىدە دىن بولمايدۇ».[16]

«مۇسۇلمان دېگەن مۇسۇلمانلارنى قولىدىن، تىلىدىن خاتىرجەم قىلغان كىشىدۇر».[17]

«مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: سۆزلىسە يالغان ئېيتىدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ».[18]

ئىبادەت بىلەن ئەخلاقنىڭ باغلىنىشىغا كەلسەك، ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە يۈرۈش-تۇرۇشنىڭ دۇرۇست بولۇشىنى چوڭقۇر ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلغان ساغلام ئىبادەتنىڭ مېۋىسى قىلغانلىقىنى بىلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ناماز يامانلىقلاردىن، پاھىشە ئىشلاردىن توسىدۇ».[19]

«ئى مۇئمىنلەر! سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئازار بېرىش بىلەن باتىل قىلىۋەتمەڭلار».[20]

دېمەك، ئەخلاقتىن ئايرىلغان ئىمان كەمتۈك، مۇكەممەل بولمىغان ئىماندۇر. ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىن ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغىنىدۇر».[21]

«مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى قىممەتنى ئىمان ئۈستىگە قۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ئىلاھىي رىسالەتنىڭ سالىھ، مەدەنىي جەمئىيەت قۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى ئەخلاقى قىممەت قاراش ئۆممەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان ھازارەت، تايىنىدىغان

(13) سۈرە مۇددەسسىر 45-/43-ئايەت.
(14) (صحيح مسلم كتاب الايمان).
(15) (مسند احمد).
(16) (صحيح البخاري كتاب الايمان).
(17) رواه الترمذي في سنة كتاب السنة باب 14).
(18) ( كتاب الايمان).
(19) ئەنكەبۇت 45-ئايەت.
(20) سۈرە بەقەر 264-ئايەت.
(21) (صحيح البخاري).

تەۋرەنمەس بازىدۇر. ئىجتىمائىي هاياتلىقنىڭ پەقەت جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇملۇق ئىش، ئىجتىمائىي ھاياتلىق پەقەت ئالاقىلارنى رەتكە سالىدىغان، ھوقۇق-مەجبۇرىيەتلەرنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەيدىغان قانۇن ئارقىلىق تاماملىنىدۇ. بۇ قانۇن باشقۇرغۇچى سۇلتانلاردىن خالىي ھالدا كۆڭۈللەردە نوپۇزىنى ساقلاپ قالالايدۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنى چەكلەيدۇ. بۇ يەردە قانۇنغا ئىھتىرام بىلدۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش، جەمئىيەت نىزامىنى مۇقىم قىلىش، جەمئىيەتتە خاتىرجەملىك شەكىللەندۈرۈشتە دىنى قۇۋۋەتكە تەڭ كەلگۈدەك ياكى ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇدەك ھېچقانداق كۈچ-قۇۋۋەت يوق»[22].

جەمئىيەت قانۇنى ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھوقۇقلار قوغدىلىدىغان، مەجبۇرىيەتلەر مۇكەممەل ئادا قىلىنىدىغان پەزىلەتلىك مەدەنىي جەمئىيەت قۇرۇشقا يېتەرلىك بولمايدۇ. قانچىدىن ياكى تۈرمىدىن ياكى ئېغىر مالىيە جازاسىدىن قورقۇپ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشمۇ ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ. ئىمان ۋە دىنىي ئەقىدە قانۇنغا بويرۇيدىغان ۋە چەكلەيدىغان ۋىجدانىي كۈچ بېغىشلايدۇ، شۇنىڭدەك ھېس-تۇيغۇلاردا ئاللاھتىن ھايا قىلىش، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئاللاھدىن قورقۇش تۇيغۇسى ھەرىكەتلىنىدۇ. شەكسىزكى بۇ ئىمان ئىنسانىيەت نەپسىنى تەسىرى كۈچلۈك، ھەر تۈرلۈك بوران-چاپقۇنلار ئالدىدا مەزمۇت قىلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولىدىكى، قەلبتە ئىماننى جانلاندۇرۇش مۇشكۇلاتلارنى ھەل قىلىش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئىنسانلارغا ياردەم بېرىشكە كېپىل، خاتىرجەملىك ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بەخش ئېتىدۇ.

## نەقىل مەنبەلىرى :

قۇرئان كەرىم.

ھەدىس نەبەۋىي.

الشيخ بديع الزمان سعيد النوسي.

د محمد عبد الله دراز الدين.

د يوسف القرضاوي الايمان والحياة.

د محمد عبد الله الشرقاوي الايمان.

منهج القرضاوي في دراسة العقيدة .

مجلة النور العدد الأول.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت

(22) محمد عبد الله دراز، الدين»



# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە...

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكى جاپاكەشلەرنىڭ ھىممىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 4- سانى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ژۇرنىلىمىز ھەر يىلدا ئىككى سان نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ - ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە، ئىقىم مەسىلىلىرى، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھاللىرى... قاتارلىق دىنىمىزغا ئالاقىدار ھەرقايسى تېمىلاردا ماقالە قوبۇل قىلىدۇ.

تۆۋەندە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئاپتورلىرىمىز سەمىگە سالماقچىمىز:

1. ماقالە مەزمۇنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ئىلمانىي ئىدىيەلەر ياكى ئوتتۇرا يولدىن چەتنىگەن ئاشقۇن پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
3. ئۆچمەنلىك ۋە پىتنە تارقىتىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر بولماسلىقى كېرەك.
4. شەخس ۋە كوللېكتىپلارغا قارىتا ھاقارەت تۈسىنى ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
5. مىللىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە ئالاقىدار رىغبەت ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان مۇلاھىزە ماقالىلىرى، شۇنداقلا تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى يورۇتۇلغان، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ئۈمىد، ئىلھام، ئىپتىخار بېغىشلايدىغان ماقالىلەر ئالدىن ئويلىشىلىدۇ.
6. ماقالىلەر ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇشى، گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
7. ئايەت، ھەدىسلەر ۋە باشقا نەقىل مەنبەلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلىشى كېرەك.
8. ئايەتلەرنىڭ تېكىستى گۈللۈك ﴿ ﴾ تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى چوڭ [ ] تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ئىزاھاتلار بەت ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەك.
9. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى قوشۇپ ئەۋەتىشى كېرەك.
10. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر چوقۇم ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
11. مەيلى ئىجادىي بولسۇن، ياكى تەرجىمە بولسۇن ،تېما تاللىغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرلارغا يېڭى ھېسابلىنىدىغان تېمىلارنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

# يېقىندا ھۇزۇرۇڭلاردا...

